# مۇنبەر

4
2001

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى



新疆社科论坛

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

# ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەفكارى

قوش ئايلىق ئومۇمىي ئۇنۋېرسال ئىلمىي ژۇرنال 2001 ـ يىل 4 ـ سان ئومۇمىي 52.سان

## بۇ ساندا

يېڭى ئەسىر، يەن ۋە تورمۇش ......................................................... ژۇرنىلىمىزنىڭ ئوبزورچىسى 1

### سىياسىي ، نەزەرىيە

«ئىككى ئۇچۇن خىزمەت قىلىش»تا چىڭ تۇرۇپ ، نەزەرىيە بەرپاچىلىقىغا جۇرئەت قىلىپ ، ش ئۇ ئا ر ئى پ س ب نىڭ خىزمەتلىرىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشايلى!......................... ۋۇ دۇنفۇ 3

### ئالىم ، تەلىمات

نادانلىق ـ ياۋۇزلۇق.......................................................... ئىبراھىم ھەققۇلۇق 9

### كلاسسىك ئەسەر ، كلاسسىك مۇزىكا

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەشقەرگە كېلىش سەۋەبلىرى..............................تۇرسۇن ئەرشىدىن 22
ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە تەلقىنلىق سۆھبەت.................. غەيرەتجان ئوسمان 26
ئۇيغۇر تىبابىتى ۋە يۈسۈپ ھاجىم كاشغەرى..........................................مۇھەممەد ئوسمان ھاجىم 33

### مۇقىملىق ۋە قانۇن

ئەيدىز ئارخىپى ھەققىدە كۆتۈرۈلگەن چۇقان ...........................................شىن جې 41

### مائارىپ ، مەدەنىيەت

يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى مائارىپ ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى...................................ئاسىيە مۇھەممەدسالىھ 46
مەدەنىيەت ۋە تىلىمىزدىكى كېپتەرۋازلىق ئاتالغۇلىرى .....................بەھرىنىسا يۈسۈپ ، يۈسۈپ ئىگەم 52

### تىل ـ يېزىق، نەشرىيات ـ ئاخبارات

ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقى مەسىلىسىدە ئېھتىياتچانلىق ،سالماقلىق بىلەن ئىش كۆرۈش لازىم..........ئابلىز مۇسا ئابدىكېرىم رىشىت 55

### قامۇسچاق

نەسىر ۋە ھېسسىيات .............................. ئەركىن مۇساجان 63

مۇئاۋىن باش تەھرىر : ئىسلامجان شېرىپ (ئالىي مۇھەررىر)
بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىسلامجان شېرىپ ،مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

# يېڭى ئەسىر، پەن ۋە تۇرمۇش

يايلاق ھاياتىمىزدىن بىزگە «تاغ خەلقىنىڭ يۈرىكى تاغدەك بولىدۇ» دېگەن تەمسىل مىراس قالغان. بىز ئېكىنچىلىكتە ئۆتسەكمۇ قېرىنداش قازاق خەلقىدە بۇ سۆز ھېلىمۇ دولقۇن بولۇۋېتىپتۇ. ئۇلار ئادەمنىڭ يۈرىكىنى تاغقا ئوخشاتقاندا، قابانباي، بۆگەنباي، ناۋرىزباي، جانىبەكتەك باتۇرلىرى بىلەن ئابايدەك ئۆلىما ـ ئالىملىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدىكەن. بۇ ئېھتىمال ئەجدادلىرىمىز ۋە ئەجدادلىرىمىزدەك قىر ـ تاغلاردا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھاياتىدىكى باتۇرلۇق بىلەن بىللە ئادەم قەلبىدىكى پىكىر دەرياسىدا تاغدەك ئىشلارنىڭ دولقۇنلايدىغانلىقىغا سىمۋولدۇر.

بۇنىڭدىن قىياسەن ئويلىساق، دۇنيادا ئىككى خىل تاغ بار ئىكەن. بىرى، تەبىئەتتىكى تاغ بولسا، يەنە بىرى، ئادەم قەلبىدىكى تاغ ئېكەن. بىز ئىككىنچى بولساقمۇ يەنىلا دۇنيادىكى ھەيۋەتلىك تاغلار ئارىسىدا ياشىغاچقا، ئۇلار يەنە بىزگە بىزنى ھەيۋەت كۆرسىتىدىغان تەبىئىي كۈچ بولۇپ بېرىدىكەن. قاراڭلار، تەبىئەتتىكى تاغلار ھەيۋەت بىلەن باش كۆتۈرۈپ بۇلۇتقا تاقىشىپ تۇرغاندا، بوران ـ چاپقۇن، ئىسسىق ـ سوغۇق، قار ـ يامغۇر . . . خۇددى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان جاسارەت ۋە ئاللىقانداق يۈكسەكلىكتە بولغان ئىشەنچ بىلەن تۇرىدۇ. ئۇلار جاسارەت بىلەن ئىشەنچكە مەنزىل بولغان بىر ئەقىدە ئۈچۈن چاقماق سوقتانغا، ئاپەتلەرنىڭ ئۇر ـ چاپ قىلغىنىغا بەرداشلىق بېرىدىغان «ئەزىمەت» لىكىنى نامايان قىلىدۇ.

تاغ ھەقىقەتەن ئەزىمەت. ئۇ تەڭرى يەرگە ئۇرغان قوزۇق. يەر ئانا شۇنىڭ بىلەن كۈپ تىترىمەي باغرىدىن بۇلاقلار ئاقتۇرۇپ ھاياتلىقلارغا ئەمىنلىك بېرىدۇ. تاغ ئالدىدا ئادەم شۇنچە كىچىك، ئەمما تاغ ئۆزىدە شۇنچە يۈكسەك، شۇنچە خەتەرلىك چوققىلارنى ئېلىپ يۈرگەن بىلەن ئادەملەر قىيا ـ تاشلارغا تىرەجەپ يۈرۈپ ئۇ چوققىلارغا چىقىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئادەم قەلبىدە تاغلاردىنمۇ ئېگىز «تاغ» بار. بۇ «تاغ» نىڭ ئېگىزلىكى ۋە قانچە ئۇزاقلارغا سوزۇلۇپ ياتىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئېنىق سان بىلەن ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. بۇ تاغلار خۇددى فرويد ئادەم ئەقلى توغرىسىدا سۆزلىگەندە ئېيتقان ھېكمەتكە ئوخشايدۇ: ئادەم مېڭىسىدىكى ئەقىل بايلىقى خۇددى دېڭىزدا ئارال ھاسىل قىلغان تاغقا ئوخشايدۇ، بۇ تاغنىڭ ئاشكارا تۇرغان ئۈستى كىچىك، سۇ ئىچىدە تۇرغان يوشۇرۇن تەرىپى چەكسىز. شۇڭا، ئىنسانلار قەلبىدىكى ئەنە شۇ چەكسىز تاغلارسىرى يۇقىرى ئۆرلەپ ئۇزاق مۇساپىلارنى باسقان، مۇشكۈلاتلاردىن قورقمىغان، كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى «تاغ» لارغا چىقىش، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كېتىش ئىستىكى ئۇلارنى ئىنسانچىلىق مۆجىزىلىرىنى يارىتىشقا ئۈندىگەن. شۇ سەۋەبتىن بۇ دۇنياغا ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار، پازىل ئالىملار قەد كۆتۈرۈپ كىشىلىك دۇنياسىنى رەڭگا رەڭ مەدەنىيەتلەر بىلەن بېزىگەن. مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەجدادلىرىمىزغا قارايلى: ئۇلاردا شۇ ئىستەك بولغاچقا، ئالىپ ئەر، ئوغۇزخان، ئاتىللادەك شىر يۈرەكلەر چىقتى. شۇ ئىستەك بولغاچقا، بۈۋىمىز فارابى دۇنيانىڭ ئىككىنچى ئۇستازى بولدى، ھەمدە ئالدىن بېشارەت بەرگۈچىنىڭ ھىدايەتچىسى سۈپىتىدە «ئەبۇ ناسىر سامانى» نامى بىلەن بۇخارا ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ سۇلتان سۇتۇقنى مۇسۇلمان قىلدى. بىز شۇ ھىدايەتچىمىزنىڭ تەسىرىدە شۇ چاغلاردا ھازىرقى يەھۇدىيلاردەك ماڭارىپ سۆيەر خەلق بولدۇق ۋە شۇ روھ بىلەن دېڭىز ۋە ھاۋا يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇنقى ئەڭ چوڭ دۇنياۋى قاتناش يولى —— يىپەك يولىدا كارۋان باشلىقى بولدۇق. يۇرتىمىزنىڭ ماڭارىپ خاسلىقىنى كارۋانلىرىمىزنىڭ غەرب ۋە شەرقتىن ئېلىپ كەلگەن تولۇقلىما ئۇسۇللىرى بىلەن ئۈستۈرۈپ دۇنياغا يۈزلەندۈردۇق. يۇرتىمىزدىن شەرققە كومراجىۋا، پىرخويلان، سۇجاۋا قاتارلىق پەن ۋە سەنئەت ئالىملىرى بېرىپ تارىخىي ۋە بەدىئىي ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلدى. غەربكە ئەل خارەزمى، ئەل فەرغانى، ئەل فارابى، ئىبن سىنا، مەھمۇد قەشقەرى، جالالىدىن رۇمىي قاتارلىق ئالىملار بېرىپ، ئۇ جايلاردا ئىلىم مەشئەلچىلىرى بولۇپ قالدى. يۇرتىمىزدىن چىققان مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بالاساغۇن، قەشقەرنى زېمىن سەتھىنىڭ مەركىزى قىلىپ سىزدى ۋە ئانا تىلىمىزنى ئۆگىنىشنى پەيغەمبەر تەۋسىيەسىدەك مۇھىم

ئورۇنغا قويدى. يۇرتىمىزدىن ئېۋرىپىدىس تراگېدىيىلىرى، «ئالۇب»، «ۋاكىغ قىزلىرى»، «ئاكسە-تىد» درامىلىرىنىڭ سەھنە كۆرۈنۈشلىرى تەسۋىرى، ئىزوپ مەسەللىرى، قەدىمكى براخمان يېزىقى، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، كۇڭ فۇزىنىڭ «مۇھاكىمە ۋە بايان» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئەڭ كونا ھېسابلانغان كۆچۈرمە نۇسخىلىرى ۋە مانى سىزمىلىرى تېپىلدى. مانا بۈگۈن بىز شۇلارغا ئىگە بولۇپ دەۋرەپ تۇرماقتىمىز. لېكىن بىز تېخى قەلبىمىزدىكى «تاغ» لارغا چىقىپ بولالمىدۇق. يەنىلا مىللىي سەنئەتكارلىقىمىزنىڭ خاسلىقىنى زامان روھىدا ئۈستۈرۈپ ئىنسانىيەتنىڭ ئىجادىيەت باغچىسىدا مۆجىزىلىك ئىزلارنى قالدۇرۇش ئۈچۈن يامىشىپ كېتىۋاتىمىز. زامان ئەھلىنىڭ پەن ـ مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىشىغا ئەگىشىپ قەلبىمىزدىكى پەن ـ مەدەنىيەت «تاغ» لىرىنىڭ تېخىمۇ ئېگىز چوققىلىرىغا يامىشىمىز تېخى! ماڭىمىز، ماڭىمىز تاغلارغا چىقىش تۈگىمەيدۇ. كىملەر قانداق بوشاڭلىق قىلسۇن، ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى «تاغ» يولىدىن يانمايدۇ. دەريالارنىڭ دېڭىزغا يېتىپ بېرىشىدىكى سىر سۇنىڭ كەينىگە قايتمىغانلىقى بولسا، ھايات يولىدىكى ئۇتۇقلارنىڭ سىرىمۇ تىنىمسىز ئىلگىرىلەش بولىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇش دېگەن ئەنە شۇنداق مۇشكۇلاتلار بىلەن چېلىشىدىغان مەيدان. بۇ يەردىكى ھەرىكەت قەلبلەردىكى «تاغ» لارغا چىقىش ئىستىكى بىلەن ئورۇنلىنىدىغان سەنئەتكارلىق. كىمنىكى قەلبىدىكى «تاغ» لارغا خۇددى تەبىئەتتىكى تاغلارغا چىققاندەك تىنىمسىز ئىلگىرىلەيدىكەن، مىڭبىر مۇشەققەتلەر ئالدىدا تىز پۈكمەي، قانائەت ئالۋاستىلىرىنى قوغلاپ يۈگۈرەيدىكەن، ئۇ ئۇتۇق پەرىسەتلىرىنى ياراتقۇچى، ئۇ غالىب، ئۇ شەرەپ ئىگىسىدۇر.

بىزنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئاشۇنداق ئۇلۇغ ئادەملەر تەقدىرىنىڭ قىيناشلىرىغا چىداپ تۇرۇپ ھاياتنىڭ تىرەكلىرىگە ئىگە بولغان. قەلبىدىكى «تاغ» لارغا چىقىش ئۈچۈن روھىنى ئۈزلۈكسىز پاكلاپ، تۇرمۇشنىڭ جەبىرلىرىگە بەرداشلىق بېرىپ، زەئىپلىك، ئاجىزلىق، نامراتلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، چىدام ھەم غەيرەت بىلەن ئەنە شۇ «تاغ» چوققىلىرىغا چىققان. شۇنىڭ بىلەن بىز بۈگۈنكى ئەقلى كامىل ئىنسانلار دۇنياسىنىڭ ئەزاسى بولدۇق.

ئىنسانلارنىڭ تارىخى شۇ ئىكەن، ئادەم قەلبىدە «تاغ» بولماي بولمايدۇ، «تاغ» قا چىقىش ئىستىكى مىنۇت توختاپ قالسا بولمايدۇ. بۇ «تاغ» لار خۇددى قازاق قېرىنداشلىرىمىز تاغنى تىلغا ئالغاندا كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدىغان باتۇر ياكى ئالىم ـ ئۆلىمالاردەك بولۇشى كېرەك. ھەممىمىزدە ئوخشاشلا ئەنە شۇنداق كامىللىققا يارايدىغان يوشۇرۇن قابىلىيەت بار، ساداقەتلىك پەزىلىتى بار، قىزغىن ئارزۇ ـ ئارمان ھەم غورۇرلار بار. بۇلار ئىشقا چۈشسە ھەممىمىزگە ئۇتۇق پۇرسەتلىرىنى بېرىدۇ. كىشىلىك ھاياتتا تەييار پۇرسەتلەر كەمدىن كەم بولسىمۇ، ئەجدادلىرىمىزدىن شۇنچە كۆپ ئادەملەر قەلبىدىكى «تاغ» قا چىقىش ئىستىكىگە ئەگىشىپ مېڭىپ كامال تاپقان پازىل ئالىملارغا، سەنئەتكار، قوماندان، چېۋەر ـ ھۈنەرۋەنلەرگە، باتۇر، غېنى بايلارغا ئايلاندى. بىزنىڭ يۈرىكىمىزمۇ مانا شۇ تاغدەك بۈيۈك ئىشلار ئۈچۈن سوقۇشى كېرەك. كىمنىكى خۇددى توختىماي ئايلانغانسېرى قىيا تاشلارنىمۇ تېشىپ ئۆتىدىغان ئۆشكىدەك چىڭ ھەم مەڭگۈلۈك ئەقىدە ۋە ياناس ئىستەكلەر ئۈچۈن «تاغ» قا چىقىدىغان ئىرادە بىلەن يامىشىپ ھارمىغاندىلا، ئۆزىدىكى ئاشۇ چەكسىزلىك — يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى ئېچىپ چىقىرالايدۇ. ھەيۋەتلىك مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان دېڭىزلار ئىچىدىمۇ ياشاش يەلكىنىنى ئېگىز چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ ھايات كېمىسىنى قىرغاقلارغا ھەيدەپ، پەقىرلىك، تۆۋەنلىك ھەتتا خورلۇق تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدۇ.

بىلەيلىكى، بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت يۈكسەكلىكى ئۇ ئىشەنچە قىلغان يۈكسەكلىككە يېتىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس، شۇ سەۋەبتىن ھەرقاچان ئېگىز «تاغ» چوققىسىغا ئۆرلەش ئىستىكىدە بولۇش مۇۋەپپەقىيەتلىك ھاياتنىڭ قائىدىسى بولغان. شۇڭا، بىر ئادەم «تاغ» قا چىقىش ئەقىدىسىدە بولىدىكەن، ھامان ئۇتۇق قازىنىدۇ. مىللەت جاسارەت بىلەن «تاغ» قا چىقىدىكەن ئەل يۇرت گۈللەيدۇ. ئۇتۇش، گۈللەش بىزنىڭ غايە. ئەنە ئالدىمىزدا مەنزىل كۆرسىتىپ تۇرغان «تاغ» قا چىققۇچى كامىل ئەجدادلار، ئەنە بىزنى زامان روھىدا تەسىرلەندۈرۈپ تۇرغان ئىجادىي مۆجىزىلەر، يېڭى ئەسىردە بىزمۇ تىرىشىپ ـ تىرىشىپ «تاغ» لارغا چىقايلى. مىنۇت، سېكۇنتلاردا «تاغ» قا چىققان مەزمۇت ئىزلىرىمىز قالسۇن.

# «ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» تا چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيە بەرپاچىلىقىغا جۈرئەت قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشايلى!

## ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى 3 - قۇرۇلتىيى يېپىش نۇتقى

ۋۇ دۇنفۇ

(2001 - يىل 15 - مارت)

ۋەكىللەر، يولداشلار!

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى 3 - قۇرۇلتىيى ۋەكىللەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بىلەن كۈنتەرتىپتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇندىدى. قۇرۇلتاي ناھايىتى ياخشى، ئۇتۇقلۇق ئېچىلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىدىكى ئاساسلىق رەھبەرلەر قۇرۇلتاينىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ھەققىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى، ھەمدە بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا تەلەپ قويدى. مۇئاۋىن رەئىس مەتتىمىن زاكىر خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئىلھام بېرىدىغان قىزغىن تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى پارتكومغا ۋاكالىتەن قۇرۇلتاينى تەبرىكلىدى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىغا سەمىمىي ئۈمىدلىرىنى باغلىدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن خىزمەتلىرىگە مۇھىم كۆرسەتمە پىكىر بەردى. بۇلار بىزنىڭ بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينى ياخشى ئېچىشىمىزدا ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىزنى ياخشى ئىشلەشتە مۇھىم يېتەكلەش رولىنى ئالدى ۋە ئالىدۇ.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ «2 - قۇرۇلتىيى» دىن بۇيانقى خىزمەت نەتىجىلىرى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك يەكۈنلىدى، «نىزامنامىسى» غا تۈزىتىش كىرگۈزدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن خىزمەتلىرى بىلەن ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى خىزمەتلىرى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنى توغرا تەھلىل قىلدى. ۋەكىللەر پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن خىزمەتلىرى بىلەن ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن بەكمۇ ئوبدان پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى. بۇلار بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىزنى قانات يايدۇرۇشىمىز ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى. قۇرۇلتايدىن كېيىن، ۋەكىللەر قۇرۇلتاي روھىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىشى، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىگە قاراشلىق ئىلمىي جەمئىيەت (جەمئىيەت، تەتقىقات جەمئىيەتلىرى) ۋە ھەرقايسى سەپلەردىكى ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قۇرۇلتاي روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى، قۇرۇلتاي ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىشى كېرەك.

قۇرۇلتاي ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك كومىتېتىنى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنى ۋە رەھبەرلىك بەنزىسىنى سايلاپ چىقتى. مەن بۇ يەردە سايلانغان ھەيئەتلەر، دائىمىي ھەيئەتلەر، رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەر، باش كاتىپقا ۋاكالىتەن ۋەكىللەر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



نىڭ بىزگە بولغان ئىشەنچىسىگە رەھمەت ئوقۇيمەن . بىز جەزمەن ئۆز ۋەزىپىلىرىمىزگە سادىق بولۇپ ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ ،يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ ، ۋەكىللەرنىڭ بىزگە باغلىغان ئىشەنچىسىنى ھەرگىز يەردە قويمايمىز .

ش ئۇ ئا ر پارتكوم ، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويمايمىز .

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلىرى ھەققىدە بىز دائىمىي رەھبەرلىك بەنزىسى بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ روھىغا ئاساسەن مۇھاكىمە ئېلىپ بارىمىز ۋە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىمىز .

بۇ يەردە مەن قۇرۇلتاينىڭ ئومۇمىي روھى بويىچە ش ئۇ ئا رايونىنىڭ ئىجتىمائىي پەن خىزمەتلىرى ۋە ش ئا ئۇ ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتلىرى ھەققىدە ئالدىن توختىلىپ ئۆتىمەن .

**(1) نۆۋەتتە پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن سېپىدىكى ئەڭ نېگىزلىك ۋەزىپە ـ باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ يېقىندىن بۇيان ئېلان قىلغان بىر يۈرۈش مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە تىرىشىپ ئىزچىللاشتۇرۇپ ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» يۈكسەكلىكىدىن پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ۋە ئاڭلىقلىقىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش .**

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ھەققىدىكى مۇھىم بايانى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ، ئىجتىمائىي پەن سېپىدە بۇ مۇھىم ئىدىيىنى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىش جەھەتتە ناھايىتى نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى ، لېكىن ، بۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس . بىز پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئىگىلىگەن مۇھىم ئورنىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك .

بىرىنچى ، نەزەرىيىدە بەرپاچىلىق قىلىش مەسىلىسى . ئۆتكەن يىلى ئىيۇندا باش شۇجى جياڭ زېمىن نىڭشيا ، گەنسۇلاردا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە : بەرپاچىلىق بىر مىللەتنىڭ جېنى ، بىر دۆلەتنىڭ گۈللەپ تەرەققىي قىلىشىدىكى خورىماس كۈچ ، شۇنداقلا بىر پارتىيىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاپ تۇرۇشىدىكى بۇلاق . بەرپاچىلىق دېگىنىمىز نەزەرىيە جەھەتتە بەرپا قىلىش ، تۈزۈلمە جەھەتتە بەرپا قىلىش ، پەن ـ تېخنىكا جەھەتتە بەرپا قىلىش ۋە باشقا جەھەتلەردە بەرپا قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، دېگەننى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى . ئۇ يەنە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : بىزنىڭ نەزەرىيە جەھەتتە بەرپا قىلىشىمىز پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭى ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى ، يېڭى ئىدىيىلەرنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىش ئارقىسىدا ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت . ئىدىيىنى ئازاد قىلىش ، نەزەرىيە بەرپا قىلىش جەمئىيەتنى ئالدىغا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلەيدىغان قۇدرەتلىك كۈچ . ھەممىمىز بىلىمىزكى ، پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن خىزمىتى پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى نەزەرىيە خىزمەتلىرىدىكى مۇھىم بىر سەپ . ئۇنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش ، ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت . بۇنى ئورۇنداشتىكى ئەڭ ئاچقۇچلۇق مەسىلە پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپلەر بويىچە ئىشلەپ ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ ، ئەمەلىيەت جەريانىدا بۇ نەزەرىيىنى داۋاملىق بېيىتىپ ۋە ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك يېڭى ھەم زور ستراتېگىيىلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇلارغا جاۋاب بېرىش جەھەتتە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئاساسەن نەزەرىيە بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت . مۇشۇنداق بەرپا قىلىش بولغاندىلا پارتىيىمىزنىڭ باشتىن ـ ئاخىر دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ . يەنە ھەم شۇنداق قىلغاندىلا ، ماركسىزم يېتەكچىلىكىدىكى پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن تېخىمۇ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ . ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى بارلىق يولداشلار «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيىنى جەزمەن ئەستايىدىل تەتقىق

قىلىش، ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، «ئۇچقا ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئىزچىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنىڭ ئىلغارلىرىدىن بولۇشى شەرت.

ئىككىنچى، يېڭى دەۋردە پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتلىرىنى نەزەرىيە ئاساس بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى. ئۆتكەن يىلى «1 – ئىيۇل» ھارپىسىدا مەركەز ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت يىغىنىنى چاقىردى. باش شۇجى جياڭ زېمىن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى، بۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى بىرىنچى قېتىم مەركەز تەرىپىدىن چاقىرىلغان ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت يىغىنى بولدى. يېڭى ۋەزىيەتتە ئۆيغۇنلىشىش ئۈچۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش – ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ھەم ئىدىيىۋى كاپالەت يەتكۈزۈپ بېرىشتۇر. بۇ پۈتۈن پارتىيىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، شۇنداقلا بىز پەلسەپە – ئىجتىمائىي پەن سېپىدىكىلەرنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. كۆز ئالدىمىزدا نۇرغۇن كىشىلەردە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىلىرىگە قارىتا باش شۇجى جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتتى: يېڭى دەۋردىكى ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتە جەزمەن خەلقئارا ھەم دۆلىتىمىزنىڭ تارىخى بىلەن رېئاللىقىنى نەزەرگە ئېلىش، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا كەڭ كادىرلار ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى پائالىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئوبيېكتىپ ئامىللارنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش، كادىرلار ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى پائالىيەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان زور نەزەرىيە مەسىلىلىرى ھەم ئەمەلىيەت مەسىلىلىرىنى توغرا كۆزىتىش ۋە ھەل قىلىش، شۇ ئارقىلىق يېڭى دەۋردە ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتلەرنى ئېلىپ بېرىشنى ئەمەلىيەتكە بىرقەدەر ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر توپ ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىش شەرت. ئۇشۇق سۆز كەتمەيدىكى، ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغان پەلسەپە – ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيىسى بىزنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان نەزەرىيىۋى ئاساس ۋە ئالدىنقى شەرت. ھازىرقى مەسىلە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، پەلسەپە – ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتلىرىنى نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەت ھەم كونكرېت ۋەزىپىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى شەرت.

دېمەك، يۇقىرىدىكى ئىككى مۇھىم مەسىلىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈش – نۆۋەتتە بىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن سېپى بىلەن ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنىڭ كاپالىتى. بۇ ئىككى مەسىلە ئۈستىدە پۇختا خىزمەت ئىشلەش ئىجتىمائىي پەن سېپىدە باش شۇجى جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان «ئۇچقا ۋەكىللىك قىلىش» تىن ئىبارەت مۇھىم ئىدىيىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپىسى.

### (2) «ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» ۋە «ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى» نى چۆرىدىگەن ھالدا ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ «تۆت تۈرلۈك چوڭ رولى» نى جارى قىلدۇرۇش.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا بىز يولداش جياڭ زېمىننىڭ 1988 – يىلى ئۆتكۈزۈلگەن شاڭخەي ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4 – قۇرۇلتىيىدا قىلغان سۆزىنى يەنە بىر قېتىم ئۆگەندۇق. بۇ سۆز ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى خىزمىتىنى ئىشلەش توغرىسىدىكى پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەتتۇر. بۇ سۆزدە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ «كۆۋرۈكلۈك، تۈگۈنلۈك»، «تەشكىللەش، تەكشۈرۈش»، «مەسلىھەت، مۇلازىمەت» ۋە «تەشۋىقات، ئومۇملاشتۇرۇش» تىن ئىبارەت «تۆت چوڭ رولى»، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋە رولى مېغىزلىق يىغىنچاقلانغان بولۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت بۇ يەكۈنلەرنىڭ تامامەن توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىدىكى تۈپ مەسىلە مانا مۇشۇ «تۆت تۈرلۈك چوڭ رول» نى قانداق جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتى تېگى – تەكتىدىن ئېيتقاندا نەزەرىيە خىزمىتىدۇر. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش پارتىيىمىزنىڭ ئىزچىل ھەم نېگىزلىك پرىنسىپى ۋە ئىستىلىدۇر. چاپسانلىق بىلەن ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقان ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پەلسەپە – ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيە تەرەققىياتىدىكى نېگىزلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە بۇلاقتۇر. شۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۈچۈن ، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشىمىزدىكى ئاچقۇچ يەنىلا نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشتۇر . شۇڭا ، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەر بويىچە ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ، قولىمىزدا ئىشلەۋاتقان خىزمەتلەرنى مەركەز قىلىپ ، نەزەرىيىمىزنى ماركسىزم نەزەرىيىسىنى تەتبىقلاشقا ، ئەمەلىيەت مەسىلىلىرى ئۈستىدىكى نەزەرىيە تەپەككۇرىغا ، يېڭى ئەمەلىيەت ۋە يېڭى تەرەققىياتقا قارىتىپ ، قانداق قىلىپ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارار چىقىرىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىمىز ، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ ياخشى تۇتۇپ ئىشلەيمىز دېگەندەك زور نەزەرىيە مەسىلىلىرى ۋە رېئال مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇش كېرەك .

«ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» نى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ياخشى بىر خىزمەت تەپەككۇرى تۇرغۇزۇپ ، خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ، ئۈچ جەھەتتىكى خىزمەتنى پۇختا ، ياخشى ئىشلەش لازىم : ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيە خادىملىرىنى نۇقتىلىق ئىلمىي تەتقىقات بىلەن ئەمەلىي قارار چىقىرىشقا قاتنىشىشقا ياخشى ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك ؛ ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى ئىستېمال خاراكتېرى كۈچلۈك پەنلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تەتبىقلاش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ ، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، مەسلىھەت بېرىش ، مۇلازىمەت قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك ؛ نەزەرىيە تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ ، كەڭ ھەر مىللەت كادىرلار ئاممىسىنىڭ نەزەرىيە ساپاسى ۋە نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك . بۇ ئۈچ جەھەتتىكى خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەنسە ، رول جارى قىلدۇرۇلسا ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىمۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى بىلەن ئالاقە قىلىپ بېرىدىغان «كۆۋرۈك ۋە تۇگۈن» بولالايدۇ ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىشىنىدىغان ، ئايرىلالمايدىغان «تەپەككۇر خەزىنىسى» ۋە «ئاقىللار ئۈمىكى» بولالايدۇ .

«ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى» جەھەتتىن قارىغاندا ، نەزەرىيە تەتقىقاتى ياكى نەزەرىيە تەشۋىقاتى ، ئومۇملاشتۇرۇشى بولسۇن ، مەزمۇن جەھەتتە ئاساسلىق ئۈچ چوڭ دائىرە ياكى ئۈچ قاتلامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ : بىرىنچىسى ، باش شۇجى جياڭ زېمىن مەركەزنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە ئوتتۇرىغا قويغان «پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ تەتقىقاتتا ئورتاق چوڭقۇرلىشىپ ، ئىدىيىۋى سىياسىي جەھەتتە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىلمىي قاراشقا ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن ئەڭ ئېگىزلىك زور نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىسى ؛ ئىككىنچى ، مەملىكەت بويىچە ئورتاقلىقنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى زور نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىسى ؛ ئۈچىنچى ، شىنجاڭنىڭ خاسلىقىنى ئاساس قىلغان زور نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىسى . مەسىلەن ، مىللەت مەسىلىسى ، دىن مەسىلىسى ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق مەسىلىسى ، غەربىي رايوننى ئېچىش مەسىلىسى ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مەسىلىسى قاتارلىقلار . بۇ جەھەتتىكى نەزەرىيە تەتقىقاتى ، نەزەرىيىۋى بوشلۇق خىزمىتى جەھەتتە تازا كۈچ چىقىرىش ، مۇناسىپ نەزەرىيە تەشۋىقاتى ، ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ـ مەسىلەن ، ماركسىزمنىڭ مىللەت قارىشى ، دىن قارىشى ، ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكى بىلىملىرى ، قانۇن بىلىملىرى ، باشقۇرۇش بىلىملىرىنى چوڭقۇرلاپ تەشۋىق قىلىش خىزمەتلىرىمۇ ناھايىتى مۇھىم .

**(3) ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ۋە ئورگاننىڭ ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەش ، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئاكتىپ ئىزدىنىش .**

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدىكى ئاممىۋى ، ئىلمىي بولغان ئىجتىمائىي تەشكىلات ، ئۇ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان .

ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈش، ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش شەرت:

بىرىنچى، ئاممىۋىلىق، ئىلمىيلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىدارىلىشىپ كېتىش خاھىشىنى قەتئىي تۈگىتىپ، ئىلمىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش ۋە كەڭ ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى، كەڭ كادىرلار ئاممىسىنىڭ ئاكتىپ قاتنىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىك باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنى ھەقىقىي تۈردە «ئىلمىي جەمئىيەتلەر ئائىلىسى» ۋە «ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى ئائىلىسى» قىلىپ چىقىش كېرەك.

ئىككىنچى، «بىرلىشىش» نى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى «ئالاقە قىلىش»، «بىرلەشتۈرۈش»، «قول تۇتۇشۇش» خىزمىتى ئۈستىدە تازا كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر مىللەت ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى بىلەن ئالاقە قىلىدىغان كۆۋرۈكى ھەم تۈگۈنى بولۇش بىلەنلا قالماستىن، يەنە ئىلمىي جەمئىيەتلەر ئارا، ئىجتىمائىي پەن بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار ئارا، ئىجتىمائىي پەن سېپى بىلەن ئەمەلىي خىزمەتچى ئورۇنلىرى ئارا، شۇنداقلا كارخانىلار ئارا، شىنجاڭدىكى ئىلىم ساھەسى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى - تېشىدىكى ئىلىم ساھەسى ئارا ئالاقىنى كۈچەيتىدىغان كۆۋرۈكلۈك، تۈگۈنلۈك رول ئوينىشى كېرەك. ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ خىزمەت خاراكتېرى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى ئورگىنىنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئورگان خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك؛ قاراشلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەر (جەمئىيەت، تەتقىقات جەمئىيىتى) ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى بولۇپمۇ دائىمىي خىزمەت بەنزىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئاكتىپ ياردەم بېرىش كېرەك.

ئۈچىنچى، مۇلازىمەت ئېڭىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مۇلازىمەت قابىلىيىتى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئۈچ تۈرلۈك مۇلازىمەتنى ياخشى قىلىش كېرەك: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمىيلىقى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، ھەر مىللەت پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىغا بىر كۆزدە تەڭ قاراپ مۇلازىمەت قىلىش.

پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن خىزمىتى ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتلىرى بازار ئىگىلىكى مۇھىتىنىڭ تەلەپلىرىگە قانداق ئۇيغۇنلىشىش مەسىلىسىگە توغرا كەلمەكتە.

بۇ نېگىزلىك خاراكتېرى بار مەسىلە، شۇنداقلا يېڭى تېما. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، سىياسىي تۈزۈلمە، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي پەن تۈزۈلمە ۋە مېخانىزم جەھەتتىمۇ مۇقەررەر ھالدا مۇناسىپ تۈردە نېگىزلىك ئۆزگىرىش ياسايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزدە ئالدىن كۆرەرلىك بولۇشى، يول ئېچىپ مېڭىشقا، بەرپا قىلىشقا جاسارەت بولۇشى كېرەك؛ لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا شۇنىمۇ تونۇپ يېتىش كېرەككى، بۇ جەھەتلەردىكى ئىسلاھات ۋە ئۆزگىرىش بىر ئۇزاق جەريان بولۇپ، نۆۋەتتە مۇھىمى رېئاللىققا يۈزلىنىپ، ئىككى پۇت بىلەن يول مېڭىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم. پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇشتا بولسۇن، خىراجەت توپلاشتا بولسۇن، خادىملارنى باشقۇرۇشتا بولسۇن ياكى كىتاب، ژۇرنال چىقىرىشتا بولسۇن، ئاۋۋال بار سىياسەتلەر، ئۇسۇللار، چارىلەردىن تولۇق، ياخشى پايدىلىنىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۇسۇللىرى بىلەن بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈستىدە ئاكتىپ ئىزدىنىشىمىز كېرەك. بىز ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ بىرقانچە يىللاردىن بۇيانقى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەشكە دىققەت قىلىشىمىز، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئۇتۇقلۇق تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشكە دىققەت قىلىشىمىز، چەت ئەللەرنىڭ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا قوللانغان ئورتاق ئۇسۇللىرىنى ئەينەك قىلىشىمىز، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەمەلىي خىزمەتلىرىنى چىقىش قىلىپ، يېڭى خىزمەت يولى ئۈستىدە يۈرەكلىك ئىزدىنىشىمىز لازىم.

يۇقىرىقى ئۈچ نۇقتا پەقەت ئەڭ نېگىزلىك خىزمەتلەر ئۈستىدىكى تەپەككۇردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەن بۇ يەردە پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن خادىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن چوڭ ئومۇملۇق قارىشىنى تىكلەش ۋە سىياسىي پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتى، سىياسىي سەزگۈرلۈكنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ ئۆتىمەن. چوڭ ئومۇملۇق ـ ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش؛ كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش؛ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش؛ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. سىياسىي پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتىنى ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈكنى ئۆستۈرۈش ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنىڭ زۆرۈر دەرسى، بۇنداق بولمىغاندا نىشاندىن ئادىشىپ كېتىمىز، باشقىلار بىزدىن پايدىلىنىپ كېتىدۇ، دوستلارنى يىغلىتىپ، رەقىبلەرنى كۈلدۈرىدىغان ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ قويىمىز. نۆۋەتتە، خەلقئارا ياكى دۆلەت ئىچىدىن قارىغاندا، بىز ناھايىتى كۆپ سىياسىي جەھەتتىكى زور مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىپ قېلىۋاتىمىز، بەزى ساھەلەردە، سىياسىي كۈرەش مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەزىدە يەنە ناھايىتى كەسكىن بولۇۋاتىدۇ. بىز سىياسىيدىن ئايرىلىپ نوقۇل كەسپىي خىزمەتلەر بىلەن بولۇپ كەتسەك بولمايدۇ، بىزدە ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئالاھىدە ھادىسىلەرگە قارىتا سەزگۈرلۈك كەم بولۇپ قالسا، نىيىتى يامان ئادەملەر ئىلمىي مۇھاكىمە، نەزەرىيە تەتقىقاتى، ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە بەس ـ بەستە سايراش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، كۆزىمىزنى ئورۇۋالىدۇ، بىزنىڭ مۇنبەرلىرىمىزدىن، تارقىتىش ۋاستىلىرىمىزدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى تارقىتىش بىلەن ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كىشىلەرگە دېگىلى بولمايدىغان مەقسەتلىرىگە يېتىدۇ. مېنىڭ بۇنداق دېيىشىم، ھەرگىز ئۆتكۈر سۆزلەر بىلەن چۆچۈتۈش ئەمەس، بەلكى، چوڭقۇر ساۋاقلار ئاساسىدا بولۇۋاتىدۇ. بىز پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار، مەيلى تەتقىقات، ئوقۇتۇش، تەشۋىقات، نەشرىياتچىلىق بىلەن ياكى تەشكىلاتچىلىق، باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنايلى، مەيلى ئەمەلىي خىزمەت ئورۇنلىرىدا ياكى تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئىشلەيلى، جەزمەن، بىزدە چوڭ ئومۇملۇق ئېڭى بولۇشى، سىياسىي پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتى ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈك بولۇشى كېرەك.

يولداشلار، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى خىزمەتلىرى ئالدىنقى ئىككى قارارلىق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بىرقەدەر ياخشى ئاساسقا ئىگە بولدى، يېڭى بىر قارار ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي بەنزىسىدىكى دائىمىي ھەيئەتلەر، مۇئاۋىن رەئىسلەر ۋە باش كاتىپ بولسا مول خىزمەت تەجرىبىلىرى بار ھەم يول ئېچىپ مېڭىش روھىغا ئىگە يولداشلاردۇر. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىزنى ياخشى ئىشلەپ كېتىشنىڭ شارائىتلىرى بار. مەن كۆپچىلىكنىڭ باش شۇجى جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان «بەش خىل روھ» نى جارى قىلدۇرۇپ، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ تېخىمۇ زور تەجرىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەڭ ئاخىرىدا مەن ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى 3 ـ قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەر ۋە بىرىنچى نۆۋەتلىك ھەيئەتلەر مەجلىسىدىكى بارلىق ئەزالارغا ۋاكالىتەن ئىككىنچى قارارىدا ئىشلىگەن ھەيئەتلەرگە سەمىمىي رەھمەت ئوقۇيمەن، ئىككىنچى قارارلىق رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى رەئىس فېڭ داجىنغا، شۇجى جاۋ جىنمىنغا ۋە مۇئاۋىن رەئىسلەر، دائىمىي ھەيئەتلەرگە سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن! ھەمدە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە قوللاۋاتقان رەھبەرلەر ھەم يولداشلارغا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كەڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىغا سەمىمىي ئىھتىرام بىلدۈرىمەن.

مەن يەنە قۇرۇلتاي رەئىس سەھنىسىگە ۋە قۇرۇلتايغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەرگە، قۇرۇلتاي مۇلازىمىتىدە بولغان بارلىق خىزمەتچى خادىملارغا سەمىمىي رەھمەت ئوقۇيمەن.

ھازىر، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى 3 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئاياغلاشقانلىقىنى جاكارلايمەن!

# نادانلىق ـ ياۋۇزلۇق

ئىبراھىم ھەققۇلوف

## بىلىم ـ ئېتىقاد نۇرى

ئەلىشىر نەۋائىي ـ مەرىپەتپەرۋەر شائىر. نەۋائىي ئىجادىيىتىدە مەرىپەت تەرغىباتى، خۇراپاتقا بەرھەم بەرگۈچى كۈچ سۈپىتىدە ئىلىمنى ئۇلۇغلاش يۈنىلىشىنى بويلاپ داۋام قىلىدۇ. نەۋائىي ياراتقان ئىلغار قەھرىمانلار ـ ياشلىقىدىن باشلاپ ئىلىمگە چاڭقاق، ھۈنەرگە ئامراق كىشىلەر. ئۇلارنىڭ ئايرىملىرى دۇنياغا مەشھۇر ئەللامىلار قولىدا تەربىيە ئالغان. شۇ بۈيۈك زاتلاردىن پەن سىرلىرىنى ئۆگىنىپ، ئىنسانىي كامالەت يولىنى ئاچقان. بىز پەرھاد ھەققىدە گەپ ئاچساق دەررۇ تۆۋەندىكى قۇرلار يادىمىزغا چۈشىدۇ:

جاھاندا قالمادى گول يەتمەگەن ئىلىم،
پىلىپ، تەھقىقىنى كەسىب ئەتمەگەن ئىلىم.

مەجنۇن دەشتۇ چۆللەرگە چىقىپ كەتكەن جۇنۇن يىگىت بولغىنى بىلەن، ئۇ ئالەمدە بار بولغان ئىلىمنىڭ ھەممىسىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەن ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر يىگىت:

تاپىپ ئىلمى خىرەدىن پەيۋەند،
ھەم ئالىم ئىدىيۇ ھەم خىرەدمەند،

شېرىننىڭ ئۆزىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دىلئارام، دىلئارا، دىلئاسا، گۈلئەندام ... قا ئوخشاش خىزمەتكارلىرىمۇ ئالىمە، شائىرە، پەيلاسوپ، تارىخچى، سەنئەتكار قىزلار. دانا ۋە بىلىمدان ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ سېپى كەڭ بولمىغان ۋەتەن ـ يېرىم تەلەي ۋەتەن. بۇنداق يۇرتتا ھېچنېمىدە تولۇقلۇق بولمايدۇ، چالا ساۋات يۇرتتا شىجائەت نىمجان، ئۈمىدنىڭ قانىتى سۇنۇق بولىدۇ، كىشىلەر ئېگىز قانداقتۇر چېكىرىلاردىن نېرى ئۆتەلمەيدۇ. ھەقىقەتنىڭ يېرىمى ئېيتىلىپ، يېرىمى بوغۇزدا توختاپ قالىدۇ. نەۋائىي «ئىلىمدە بىر ئادەم ساھىبقىران بولغۇچە ئوتتۇز يىللىق بىر دەۋر ئۆتىدۇ» دېگەنىدى. «يەھۇدىيچە دېسەڭ يەھۇدىيچە»، «يۇنانى دېسەڭ يۇنانى» سۆزلىشىدىغان، «ھىندىچە سوئال بەرسەڭ، ھىندىچە جاۋاب بېرەلەيدىغان» سۆزلىرى مەنە، ھېكمەتكە تولغان بىلىم ئەھلىلىرىنى تەرىپلەش ئۇلۇغ بۇۋىمىز شائىر نەۋائىي ئۈچۈن قانچىلىك ئىپتىخارلىق ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشىمىز تەس ئەمەس. قاراڭ، نەۋائىينىڭ بەش ئەسىر مۇقەددەم يازغان قۇرلىرىدا بىزنىڭ بۈگۈنكى ئارزۇلىرىمىز ئەكس ئېتىپ تۇرمامدۇ؟

نەۋائىي بىر رۇبائىيسىدا: «ھەر كىمسەكى يوق ئىلىم ئاڭا ئەخمەق دە ئۇنى» دەيدۇ. ئىنسانلىق شەرىپىنى يەرگە ئۇرىدىغان ھەرقانداق ئەخمەقلىق ۋە پەسلىك پەقەت ئىلىم شۇبھىلەنمىگەن. شۇڭا ئۇ ئىلىمنى «ئىككى جاھان شاھلىقىدىن» ھاياتبەخش قۇدرەتكە ئىگە، دەپ قارىغان. نەۋائىينىڭ مۇنداق مەشھۇر بىر بېيىتى بار:

ھەق يولىدا كىم ساڭا بىر ھەرپ ئوقۇتمىش رەنج ئىلە،
ئەيلەمەك بولماس ئەدا ئانىڭ ھەققىن يۈز گەنج ئىلە.

گەپ ھەق يولىدا ھەرپ ئۆگەتكەن مۇئەللىمگە ھۆرمەت، ھېچقانداق بايلىق بىلەن ئۇنىڭغا قايتۇرغىلى بولمايدىغان قەرزدارلىق تۇيغۇسى توغرىسىدا كېتىۋاتىدۇ. «ھەق يولىدا» ھەرپ ئۆگەنگەن كىشى ۋاقتى كېلىپ ئالىم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى، دېيىلى. خوش، ئۇ ھەقىقەت ئالدىدىكى بۇرچىنى قانداق ئادا قىلىشى كېرەك؟ ئۇ قايسى ھەقىقەتلەر ئۈچۈن ئۆمرىنى بېغىشلىشى كېرەك؟ بۇ سوئالغا پەقەت نەۋائىينىڭ «ئىلىم ئۆگەنمەك ـ ئېتىقادنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈندۇر» دېگەن پىكرى بويىچە

www.uyghurkitap.com



تەرىپلەنگەن ھەقىقىي ئىلىم ئەھلىلىرىلا قانائەتلەنەرلىك جاۋاب بېرەلەيدۇ.

ئىبتىقادادا يېڭىلمەس، ئىشەنچتە مۇستەھكەم بولغان ئالىم، يازغۇچى، شائىرلار ياشاپ تۇرمىغىنىدا بۇ دۇنيا ئاللىقاچان ياۋايىلىق سەھنىسىگە ئايلانغان بولار ئىدى. شەرقتە قەدىمدىن باشلاپلا ئالىي پىكىرلىك جەسۇر ئەللامىلار كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىپ تۇرغىنى ئۈچۈن خەلقىمىز ئىچىدە ئوقۇمۇشلۇق كىشىنىڭ ئورنى ئەزەلدىن يۇكسەك بولۇپ كەلگەن: بۇ ھەقتە كۆپ گەپ قىلىپ ئولتۇرماي، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بىرلا بېيىتىنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

بىرەۋكى قىلسا ئالىملەرگە تەئىزىم،
قىلۇر گوياكى پەيغەمبەرگە تەئىزىم.

نەۋائىي «پەيغەمبەرگە» دېگىنىدە قۇرۇق ماختاش ۋە تار مەنپەئەتلەرگە ئەسلا ئالدانمايدىغان، ئەلگە، ۋەتەنگە خىيانەت قىلىشنى ئۆلۈم بىلىدىغان ئالىيجاناب سىيمانى كۆزدە تۇتقان. دۇنيانى مەرىپەت نۇرى ئارقىلىق ئىدراك قىلغان ئادەم باشقىچە بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇلۇغلار: «ئالىمنىڭ ئۆلۈمى — ئالەمنىڭ ئۆلۈمى» دېيىشكەن. ھەقىقىي ئالىمدىن قانچىلىك كۆپ ئىلمىي مىراس قالمىسۇن، لېكىن ئۇ بەربىر ناھايىتى چوڭ بىر مەنىۋى دۇنيانى ئۆزى ئېلىپ كېتىدۇ. ئوتتا كۆيدۈرۈلۈۋاتقان ئالىمنىڭ: «ھەممىسى ئۆزۈم بىلەن بىللە!» دېگەن پىكرىدە باشقا مەنىمۇ بار. بۇنى نەۋائىي بىر ھېكايەت ئارقىلىق شەرھلەپ بەرگەن. ئۇ ھېكايەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: زامانىسىنىڭ چوڭ ئالىمى پەخرىدىن رازى ئۇزاق يول يۈرۈپ خارەزمگە كېلىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مۇھەممەت خارەزمشاھ ئالىمغا پەرۋا قىلمايدۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ شاھ بىلەن ئالىم كۈتۈلمىگەندە سوئاللار بېرىدۇ. «ئەي، قىيامەت كۈننى بىلىشنى ئارزۇ قىلغان ئادەم، — دەيدۇ ئالىم ئۇنىڭغا، — سېنىڭ سوئاللىرىڭغا جاۋاب بېرىدىغان مۇناسىپ جاي مۇشۇ مۇنچىدۇر. قىيامەتتىمۇ شاھ ۋە گاداي، ھەممىسى بىر خىل ئەھۋالدا يالىڭاچ بولىدۇ. نە شاھ، نە ئەمەلدار ھېچكىم ھېچنېمىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ بارالمايدۇ. سەن بۇ مۇنچىغا نېمەڭنى ئېلىپ كىرەلىدىڭ؟ تاج — تەخت، خەزىنە دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى تاشقىرىدا قالدى. ئىلىم — ھۈنەر ئىگىلىرىچۇ؟ ئۇلارنىڭ بايلىقلىرى مېنىڭكىگە ئوخشاش ھەممىسى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە».

ئادەمگە ئۇنىڭ مەنسىپى ۋە بايلىقىغا قاراپ باھا بېرىش ۋە مۇئامىلە قىلىش ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەڭ يارىماس ئادەتتۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى تاشقى نەرسىلەرغۇ؟ مەيلى ئادەم كەمبەغەل ياشىسۇن، دەۋران سۈرۈپ ئۆتۈشكە قادىر بولسۇن، مۇھىمى ئۇنىڭ قەلبى قانداق سۈپەتلەرگە ئىگە، ئۆمرىنى نېمىلەرگە بېغىشلىغان، مانا مۇشۇلارغا قاراپ ئۇ كىشىگە باھا بېرىش مۇمكىنغۇ؟ ئىلىمنىڭ ئىنسان تەقدىرىگە مەسئۇلىيىتى خۇددى شۇ نۇقسانلاردىن باشلىنىدۇ. «ئىلىم — ئۆزىنى بىلمەكتۇر، سەن ئۆزۈڭنى بىلمەيسەن، بۇ قانداق بىھۇدە ئوقۇش بولدى؟» دەيدۇ ئۇلۇغ تۈرك شائىرى يۇنۇس ئەمرە. ئىلىم ئەينى ۋاقىتتا ئۆزگىنىمۇ بىلىشتۇر: ئالىملىق — ئالەم ۋە ئادەمنى تونۇش بولۇپ، ئىلىم — ھەقىقەتتىن يۈرەككە قۇيۇلغان نۇر. ئىلىم — ھايات ۋە جەمئىيەت چىگىشلىرىنى توغرا يېشىش شىجائىتى. ئىلىم — دىلدىكى، جۇرئەتتىكى يالقۇن. ئەقىل ئۆز تەبىئىتىگە كۆرە كۈنۈكۈشچان ۋە ئېگىلىشچاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پەقەت ئىلىم تەسىرىدە جاسارەتكە ئىگە بولىدۇ ۋە ھۇجۇمكار ئەقىلگە ئايلىنىدۇ. مۇشۇ يەردە بىر سوئال قويايلى: يۇقىرىدا بىز ئېيتىپ ئۆتكەن ئالىم ئىمام رازى نېمىشقا مۇھەممەد خارەزمشاھنىڭ سارىيىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن بارمىدى؟ ئىمام رازىدا كەم تېپىلىدىغان ئاجايىپ پەزىلەت بار: بۇ ئۇنىڭ ئىلمىي شەۋكەتكە ئىگىلىكى، بۇ شەۋكەتنىڭ ئۇنىڭ ئەقلى ۋە ۋىجدانىنى باشقۇرغانلىقى.

نەۋائىي ئەركىن ئىنسان دېگەندە بىلىملىك، دانا كىشىلەرنى كۆزدە تۇتقان. دانا كىشى دېگىنىمىز كىم؟ ھەقنى تونۇغۇچى، بىلىم ۋە مەرىپەت چوڭقۇرلۇقى بىلەن دەريا سۈپەت ئادەم، ئىلىم ئادىمى ئۈچۈن مۇھىمى لاپ ئۇرماسلىق، تەمە ۋە مەنپەئەت كەينىدىن چاپماسلىقتۇر. ئىلىم تەپەككۇرنى يېڭىلايدۇ. ئادەملەر ئېڭىنى كونا چۈشەنچە، قالاق قاراشلاردىن خالاس قىلىدۇ. ئىلىم

ئارقىلىق ئەسىرلەر قىياپىتى ئۆزگەرگەن ، دەۋر ۋە
زامانلار پەزىلەتتە ئىلگىرىلىگەن . بىلىم ـ چۈشە-
نىش زەخمىتى ، ئىزدىنىش يولىدۇر . شۇ مەنىدە
نەۋائىينىڭ تۆۋەندىكى نەسىھەتلىرى تېخى كونىرى-
مىغان : «بىلمىگەننى سوراپ ئۆگەنگەن ئالىم ، ئاز
بىلىپ سورىمىغان ئۆزىگە زالىم . ئاز ـ ئازدىن
ئۆگىنىپ ، دانا بولۇر ، قەترە ـ قەترە يىغىلىپ
دەريا بولۇر» ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇشىمۇ
مۇمكىن . ئىلىمنىڭ بىرەر ساھەسى بويىچە ئالىي
مەلۇماتلىق ئالىم بولۇشىمۇ مۇمكىن . ئاندىن كېيىن-
چۇ؟ سەئدى شىرازى مۇنداق يازىدۇ :

ھەر چەندە ئوقۇپسەن ـ بىلىمدانسەن ،
ئەگەر ئەمەل قىلمادىڭ ، نادانسەن .
ئۈستىگە كىتاب ئارتىلغان ئېشەك ـ
ياكالىم يادا ئەمەستۇر بىشەك .

نەۋائىيمۇ بۇنداق بىلىمدىن نەپ كەلمەسلىكىنى
قەيت قىلىپلا قالماستىن ، سەئدى پىكرىنى ياقلاپ
«ئىلىمگە ئەمەل قىلمىغان ئالىم ـ ئۈستىگە كىتاب
ئارتىلغان ئېشەككە ئوخشايدۇ» دەيدۇ .

توختام سۇنىڭ ئاقمىغىنىغا ئوخشاش ،
خۇي ـ پەيلى تۆۋەن بولغان ئەرزىمەس ئالىملار-
دىنمۇ ئەل ـ يۇرتقا ھېچقانداق نەپ تەگمەيدۇ .
ئۇلارنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىگە مەنمەنلىك ،
خۇشامەتكويلۇق ، ئەمەلپەرەسلىك ھەۋەسلىرى
سىڭگەن بولىدۇ . ئىلىم ئەھلى ئاۋۋال مەنىۋى ھۇ-
زۇرلىنىشتۇر . ئۇلار مانا مۇشۇ ھوزۇردىن مەھ-
رۇم . شۇڭا ئۇلار يامانلىق ياخشىغا ، ھارامنى ھالال-
غا چىقىرىشتەك دىيانەتسىزلىكلەردىنمۇ ھەزەر
قىلمايدۇ . نەۋائىي بۇنداقلارنى پاسىق ئالىملار ،
دەپ ئاتىغان . شائىرنىڭ تۆۋەندىكى ئەيىبنامە سۆز-
لىرىنى ئاشۇنداق پاسىق ئالىملارغا قارىتىلغان دې-
يىش مۇمكىن :

قايسى جاھىلغە نەدامەت بولغاي ، ئول ئالىمچە
يەكىم ،
ھەرنە بىلدى قىلمادى ، ھەرنېكى قىلدى بىلمە-
دى .

دېمەك ، بىلگىنىنى قىلمىغان ، قىلغان ئىشى-
نىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ يەتمىگەن ئالىم جاھىللار-
نىڭ جاھىلىدۇر . ئۇنىڭغا ياغدۇرۇلىدىغان لەنەت
ھەر قانداق جاھىلغا ئېيتىلغان نەپرەت تاشلىرىدىنمۇ
ئارتۇق بولىدۇ . ئالىملىق ـ ناھايىتى زور مەسئۇ-
لىيەتچانلىقتۇر . ئالىمنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپىسى-
نى ۋىجداندىن بېجىرمەسلىككە ھەققى يوق . كىمكى
ئىلىمنى ئەمەلگە ئېرىشىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلسا ،
ئۆزىنىمۇ ، خەلقىنىمۇ يولدىن ئازدۇرىدۇ . ئىلىم
ئەھلىنىڭ ئەمەل ۋە ئابروي ئۈچۈن پەسكەشلىككە
قەدەم قويۇشى ـ ئۇنىڭ بىلىمسىزلىكىنىڭ يار-
قىن ئىسپاتىدۇر . بۇنداق ئالىمنى نەۋائىي «ئۆ-
لۈمتۈك» ئىت بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ ، ، ئۇنى «نىجى-
ساەتنى يىپەك لىباس بىلەن ياپقان» ئادەم قىياپى-
تىدە تەسۋىرلەيدۇ . «ئالىم ئەگەر ئۆز يولىغا ئە-
مەل قىلسا ، ـ دەيدۇ نەۋائىي ، ـ ئىلىمگە قاراپ
ئىش تۇتسا ، دۇنيانىڭ ھارام ماللىرىغا كۆز سالمى-
سا ، بۇنداق ئادەمنى شەرەپ گۆھىرىنىڭ كانى دەپ
بىل .» بۇنداق گۆھەر كانىدىن ئىنسان ئەقلى بې-
يىيدۇ . «جاھالەت ـ ئۆلۈمدۇر ، بىلىم ـ تىرىك-
لىك» دېگەن گەپ بار . ئالىم شۇ تىرىكلىكنىڭ
روناق تېپىشى ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك . شۇ چاغ-
دىلا جاھالەت يېڭىلىدۇ . شۇ چاغدىلا قالاقلىق ۋە
جاھالەتنىڭ ئوغىلىق سۇتىنى ئىچىپ ئۇيقۇغا كەت-
كەنلەرنىڭ سانى كۈنسايىن ئازىيىدۇ . ئىلىم ـ پە-
كىر مەدەنىيىتى ، ئىلىم ـ ياخشىلىقتىن ئوزۇقلى-
نىش ، ئېزگۈلۈككە ئىشەنچ ، يامانلىققا باش ئەگ-
مەسلىكتۇر . بىزنىڭ ئىلىمىمىز ھەر ۋاقىت ھايات
بىلەن مۇستەھكەم ئالاقىدا بولۇشى كېرەك . شۇ
چاغدىلا بىزنىڭ تەپەككۇر گۈلشىنىمىزدە يېڭىدىن
يېڭى چېچەكلەر ئېچىلىدۇ .

## ۋاپاسىزدا ھايا يوق

«ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» دىكى ھېكايەتلەردىن
بىرىدە تۆۋەندىكى ۋەقە ھېكايە قىلىنىدۇ : ئەمىر
تۆمۈر كوراگان ھىندى ئىقلىمىنى فەتھى ئېتىشكە
كىرىشكەندە ، ھىندىستاندا قاتتىق جەڭ بولدى .
ئۇنىڭغا غەلىبە چىراي ئاچتى . شۇ جەڭدە كۆپ
قانلار تۆكۈلدى . قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ باشلى-
رى كېسىلدى . ئاخىر ئۆلۈم نۆۋىتى ئىككى بىچارە
ئاشىق ـ مەشۇققە كەلدى . لېكىن سۆيۈشكەنلەر
بىر ـ بىرىگە شۇنچىلىك ۋاپا كۆرسىتىشتىكى ،
ئاقىۋەتتە ئۇلارنى قەتل قىلىشنىڭ ھېچقانداق
ئىلاجى بولمىدى . نېمىشقا دەمسىز؟ «ئەگەر

مەقسىتىنىڭ باش كېسىش بولسا، — دەپتۇ يىگىت جاللاتقا، — ئۇنى قوي، مېنى ئۆلتۈر!» قىلىچ كۆتۈرەلە — كۆتۈرۈلمەي «ياق، ئۇنى ئەمەس، مېنى ئۆلتۈر!» دەپ يالۋۇرۇپتۇ قىز. جاللات ئۇلارنىڭ قايسى بىرىنى ئۆلتۈرۈشكە تۇتۇنسا، ئىككىنچىسى: «ئالدىن مېنى ئۆلتۈر، ئۇ ھېچبولمىسا مەن ئۆلگىچە تىرىك تۇرسۇن!» دەپ ئەجەل تەلەپ قىلارمىش. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى شۇنداق تۈگەپتۈكى، بىر — بىرى ئۈچۈن جېنىدىن كېچەلىگەن بۇ ئىككى يارنىڭ ۋاپادارلىقى تۈپەيلىدىن جاھانگىر پاشىلارنىڭمۇ گۇناھىدىن كېچىپتۇ. دېمەك، ۋاپادارلىق — خالىساكارلىق، ۋاپادارلىق — ئۆلۈمدىنمۇ قۇدرەتلىك كۈچ، ۋاپا ئەھلى، ئۆزىنىڭلا ئەمەس، ئەل — يۇرتىنىڭمۇ ئاسايىشلىقىغا پاسىباندۇر. تۆمۈر قانخورلۇق ۋە جاللاتلىقتا ئەيىبلىنىدۇ. لېكىن شۇنداق ئادەممۇ، ۋاپا ۋە ساداقەت كۆكسىگە تىغ سانچىمىغان. بىر جاللاتمۇ «جاھان چىمەنى ۋاپا گۈلى بولمىسا زىننەتسىز. كىشىلىك گۈلى ۋاپا يوپۇرماقلىرىدىن مەھرۇم بولسا، ھېچ ھىد — پۇسسىز» بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن. ۋاپانى «ئىنسانىيەت تاجىغا زىننەت»، «ئېسىل ئۈنچە» ئورنىدا كۆرگەن نەۋائىي ھېكايىتىدە بۇ ۋەقە ئادىللىق ۋە خالىسلىق بىلەن تەكىتلەنگەن. بۇ ھېكايەت داستانىنىڭ ۋاپا ھەققىدىكى سەھپىلىرىدىن كېيىن بېرىلگەن. ئۇنىڭدا مانا مۇنداق قۇرلار بار:

ھەر كىشىگە قىلدى بىراۋ بىر ۋەفا، مەخلەسى يوقتۇر كۆرۈبان مىڭ جەفا.

يەنى كىشى بىرىسىگە بىرەر ۋاپا — ياخشىلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بەدىلىگە مىڭ جاپا كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدۇ. دۇنيادا شۇنداق تۇيغۇلار باركى، ئۇلار ھەر قانچە قەدىرسىزلەنمىسۇن، زەررىچىمۇ ئەھمىيىتىنى يوقاتمايدۇ. شۇ تۇيغۇلارنىڭ بىرى ۋاپادۇر. نەۋائىي ئاشۇ ھەقىقەتكە تايىنىپ ۋاپانىڭ ماھىيىتىنى دەلىللەر تىلى بىلەن ئېچىشقا كىرىشىدۇ ۋە كەينى — كەينىدىن ھاياتىي قىياسلارنى كەلتۈرىدۇ. مانا دەرەخ، ئۇنىڭ شاخلىرى غىچ مېۋە. شۇ مېۋە تۈپەيلىدىن كىشىلەر ئۇنىڭغا تاش ئېتىشىدۇ. تاشلارنىڭ ئاز ياكى كۆپلۈكى مېۋىنىڭ مىقدارىغا باغلىق. بۇ ھادىسىنى ھەر كىم، ھەر خىل چۈشىنىپ، تۈرلۈك خۇلاسىلەرگە كېلىشى مۇمكىن. نەۋائىي نۇقتىئىنەزەرىدە بولسا شۇ ئاددىي ۋەقە بىلەن «بىر ۋاپا» كۆرسىتىپ «مىڭ جاپا»غا دۇچار بولۇش ئوتتۇرىسىدا بىر ئوخشاشلىق بار. شائىر مۇنداق دەيدۇ:

نېچە سەمەر ساچماغا بولسا شاخ ئىشى، كۆپرەك ئاتار تاش ئانى تەرگەن كىشى.

دەرھەقىقەت، مېۋىلىك دەرەخنىڭ شېخى قانچىلىك كۆپ ھوسۇل بەرسە، تەرگۈچى ئۇنىڭغا شۇنچە كۆپ تاش ئاتىدۇ. بۇ ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان دەلىل. كىتابخان ئۇنى ئۆزىچە مۇلاھىزە قىلىدۇ ۋە دەرەخ شېخىغا تاش ئاتقۇچىلارنىڭ قىلمىشى (ۋاپاسىزلىق) بىلەن ھېچقانداق مىننەتسىز مېۋە بەرگەن دەرەخ شاخلىرىنىڭ ساخاۋىتى (ۋاپا تىمسالى) ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ بەكمۇ چوڭقۇرلۇقىنى، ئىنسان تەبىئىتىدە ۋاپا قىممەت تۇيغۇسىغا ئايلىنىشى زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىدۇ. تۆۋەندىكى بېيىتتا ئەمدى باشقا بىر قىياسى دەلىل ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

كان نېچە بەزلى گۆھەرى پاك ئېتەر، ئالغۇچى كۆپرەك يۈرەكىن چاك ئېتەر.

كان دېمىز، كانچى دېمىز، ئەمما بىز ئويلاپ كۆردۇقمۇ، «گەۋھەرى پاك» بەرگىنىگە قارىماستىن، نېمىشقا كانچى «كان» باغرىنى توختىماي چاك قىلىۋېرىدۇ. بۇ ئىنساپسىزلىقمۇ ياكى بىر قانۇنىيەتمۇ؟ شامنىڭ تەقدىرىمۇ شۇنىڭغا يېقىن. ئۇ ئۆينى يورۇتقىنى يورۇتقان. لېكىن ئۆي ئىگىسى ئۈچۈن ھەر قېتىم شامنىڭ بېشىنى ئۈزۈش بىر قائىدە:

شام يورۇتۇپ ئەۋ ئىچىنىۋ تاشىنى، ئەۋ ئىگەسى كۆپرەك ئۈزۈپ باشىنى.

ئەگەر ئالاھىدە ئېلىپ قارالسا، «ھەر كىشىگە قىلدى بىراۋ بىر ۋەفا، مەخلەسى يوقتۇر كۆرۈبان مىڭ جەفا» سۆزلىرى ئوقۇغۇچىدا قانداقتۇر ئېغىر ۋە قايغۇلۇق كەيپىيات تۇغدۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بېيىتتا نېمىدۇر ئۆزگىرىدۇ. شۇ «نېمىدۇر» كىتابخاندا «جاپا»، «ۋاپا» دىن ھېچقاچان غالىب كېلەلمەسلىكىگە ئىشەنچ پەيدا قىلىدۇ. ۋاپادار — گۆھەرلىك كان، جاپاكەش — كانچى. ئەلۋەتتە تەمەخور ۋە ئاچ كۆز كانچى ئەمەس، «كان»

بولۇش شەرت. شامدا نېمە گۇناھ؟ يورۇقلۇققا مۇھتاج ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭ بېشىنى تىنىمسىز ئۈزۈپ تۇرسا. بۇ قىياسلارسىز نەۋائىينىڭ ۋاپاغا دائىر ئىلگىرى سۈرگەن پىكىرلىرى شولىسىز چىراغقا ئوخشاپ قېلىپ، كىتابخان قەلبىدە يارقىن تەسىرات قالدۇرالمىغان بولاتتى. نەۋائىينىڭ تەلقىنىدە ۋاپانىڭ ئالىي باسقۇچى ھاياتتا ئادەمنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ يار تېپىشى ۋە ساداقەتلىك ياشىشىدۇر. ئەكسىچە:

ياركى ئايىنى ۋەفا يوق ئاڭا،
شام كەبىدۇركى، زىيا يوق ئاڭا.

ۋاپاسىزلار نۇرسىز شامغا ئوخشىسا، ۋاپادار يار ئۇنىڭ ئەتۇرى، ئۇ ئۇمىد ئاپتىپى. يەككە-يىگانە ئادەم بولسائاپتاپسىز بارلىققا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ دىل ئۆيىمۇ بىر ياققا قىيسايغان، گويا ئۇ بىرلا تۈۋرۈكلۈك لەمپە. ۋەھالەنكى، يالغۇز تۈۋرۈك ھېچقانداق ئۆينى تۇتۇپ تۇرالمايدۇ. ئىنسانغا ئەگەر پەلەكتىن خار – زارلىق ۋە قىيىنچىلىق چۈشسە، بىر نەپەس «ئىزھارى دەرد» ئېيتىش ئۈچۈنمۇ بىر غەمخور كېرەك. «زامانە خەنجىرىدىن يارا» بولغان كۆڭۈل مەلھەممۇ سېپىنى چۈشىنىدىغان ياردۇر.

ھەرنە يېتەر دەھر مالالى ئاڭا،
ئەيلەگەي ئۆز كۆڭلىنى خالىي ئاڭا.

يارسىز ئادەم – دىلى مەھرۇم ئادەم. بالا تىغلىرىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى ھەمىشە تىلىنغان. «دەرد ئۇنى بىردەمدە ھالاك» قىلىشى مۇمكىن. نەۋائىي ئاشۇ پىكىرلىرىدىن چوڭ بىر خۇلاسە چىقىرىپ مۇنداق دەيدۇ:

بەس، كىشىكە ئۆمر خوشى يار ئىمىش،
ئۆمر دېگەن يارى ۋەفادار ئىمىش.

بۇ سۆزلەر كۆڭۈلدە ناھايىتى يورۇن مۆھۈرلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر ئىدراك قىلىنىشى كېرەك. مانا شۇ چاغدىلا يۈرەك ھاۋايى ۋە ئۆتكۈنچى ھېسلاردىن شۇنچە تېز تازىلىنىدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭلا ئەمەس، ئۆزگىنىڭمۇ تەقدىرىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. تەخمىنىي ۋە چالا تەسەۋۋۇرلار تۇزىقىغا چۈشۈپ، ئۆمرىنى پۇشايمان شاماللىرىغا ئۇچۇرماسلىق لازىم. ئەكسى ھالدا يالغۇزلۇقتا مانا بۇنداق كېلىشمەسلىكلەر يۈز بېرىدۇ:

ھەر كىشى ئالەمدە ئېرۇر يارسىز،
بىر سەدەفدۇر دۇررىغى شەھۋارسىز.

نەۋائىي دەلىللىرىدە يەنە داۋام قىلىدۇ: «كىشى يالغۇز ئۆزى بولسا، ئۇنىڭ ھۈنىرىمۇ بولمايدۇ. يالغۇز ئادەم ئارزۇسىغا يېتەلمەيدۇ. ئاخىر بىر قولدىن چاۋاك چىققىنىنى كىم كۆرگەن! بۈركۈتنىڭ بىر قانىتى سۇنسا، ھەر قانچە تېز ئۇچسىمۇ، بىردەملا ئۇچالايدۇ. تاش بىلەن چاقماق تاش بىر – بىرىگە ئۇرۇلمىسا، بىر – بىرىدىن يىراق تۇتۇلسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇساپە، يەنى يىراق ئىككىسىنىلا قاراڭغۇدا قالدۇرىدۇ.» توغرا، نەۋائىي ئوقۇغۇچىغا بىر قانىتى سۇنغان بۈركۈت پەرۋازىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرمەكچى ئەمەس. شائىرنىڭ مەقسىتى: ھاياتىي قىياسلاردا ئالەمدە تەنھا ياشاش مۇشكۇللۇكىنى مەنتىقە جەھەتتىن دەلىللەشتۇر. لېكىن بۇ قۇرلاردا پىكىرلا ئەمەس، ماددىي – جىسمانىي مەنزىرە ۋە خاراكتېر بار. بۇنداق پارچىلارنىڭ غايىۋى – ئېستېتىك قىممىتى شۇنىڭدىكى، ئۇلار ئوقۇغۇچى تۇيغۇلىرىنى جانسىز كىتاب سەھىپىلىرىگە «مىخلاپ» قويمايدۇ، بەلكى ھايات، تۇرمۇش ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە جەلپ قىلىدۇ. نەۋائىينىڭ تەرىپلىرىدە ۋاپا «يارىلىشى پاك» ھەم «شۇنداق سۆيۈملۈككى» ئۇنىڭ تازا كۆڭۈلدىن باشقا مەنزىلىمۇ، ئۆلپىتىمۇ يوق. ۋاپادارلىق – پاكىزلىك. ۋاپا – روھىي بەختىيارلىق، دىلنىڭ ساپلىقى. لېكىن مۇنداق سۆيۈملۈك ئادەم بەكمۇ ئاز. «بولسىمۇ ئۇنى تېپىش ئاسان ئەمەس» دەيدۇ نەۋائىي. شائىرنىڭ ئەڭ چوڭ ئەپسۇسلىرىدىن بىرى مانا شۇنىڭدا. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «كۆلگىزدەپ» كۆڭلىنى تىكەنلەرگە تىلدۇرغانلىقى، كىمگە جان بېغىشلىغان بولسا، ئۇ ئۇنىڭ جەۋرۇ – جاپاسىدىن يانمىغانلىقىنى ھەسرەت بىلەن بايان قىلىدۇ:

ئالەم ئەھلى بىۋەفادۇرلار، ئالارنىڭ مەيلىدىن،
ئەي كۆڭۈل، بولساڭ، ۋەفا ئايىنىدىن ئاگاھ قايت.

نەۋائىي كۆپ شېئىرلىرىدا «ئالەم ئەھلى»نىڭ بىۋاپالىقتا كۈن كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئۇنىڭچە ۋاپالىق كىشىلەرنىڭ ئۆمرى ئالەمدە تېزلىكتە ئۆتىدۇ. ئۇنى شائىر تاڭ شامىلىغا ئوخشىتىدۇ. نەۋائىينىڭ «ۋاپا» تەقدىرىگە قاتتىق كۆيۈنۈشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى بار. بۇ «خۇددى ھاياغا ۋاپا باغلانغىنىدەك» ۋاپانىڭ ھاياغا دائىمىي چېتىشلىقىدۇر، «ھەر بىر كۆڭۈلگە ۋاپا ئورنىشار ئىكەن، — دەيدۇ شائىر، — ھايامۇ جايلىشىدۇ، ھاياسىزلىق نېمە؟ ھاياسىزلىق — نومۇسنى تەھقىرلەش، ئۇياتسىزلىقنى ئادەت قىلىشتەك يۈزسىزلىكتۇر. ھايا ئىنساننى ھايۋاندىن قانچە يىراقلاشتۇرسا، ھاياسىزلىق ئۇنى تىلسىز مەخلۇقلارغا شۇنچە يېقىنلاشتۇرىدۇ. ھاياسىز ۋە بىۋاپا ئادەملەردە غۇرۇر ۋە پاراسەت بولمايدۇ. ئۇلار ھالال كىشىلەر قەلبىنى قان قىلىدۇ، نەۋائىي ئۆز ئەسەرلىرىدە: «دەۋر بىۋاپالىرى جەۋرىدىن داد، زامان بىھايالىرى زۇلمىدىن پىغان ۋە پەرياد! دۇنيا تۆرەلگىنىدىن بۇيان ھېچكىم بۇ ئوتتا مەندەك ئۆرتەنمىگەن، بىۋاپالىق باشلانغىنىدىن بۇيان ھېچكىم بۇ يالقۇندا مەندەك كۆيمىگەن، زامان كىشىلىرى بىۋاپالىقىدىن باغرىمدا تىكەن؛ دەۋر ئادەملىرى بىھايالىقىدىن كۆكسۈمدە تۈگۈن،» دەپ ناۋا قىلىدۇ.

شۇنداق، بىۋاپالىق — جاپاكارلىق. ئۇ ئىنسان يۈرىكىنى ئەلەمگە تولدۇرىدۇ. ئۇ ئادەمنى ئادەمدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. مېھىر ۋە ئىشەنچنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدۇ. ھاياسىزلىقچۇ؟ ئۇ — كامىللىق كۈشەندىسى. ئۇنىڭ زالىم ۋە يىرگىنچلىكلىكى شۇنىڭدا. نەۋائىي ئېتىقادىدا ۋاپا يولى — بۇ، ھايات ۋە ئادىمىيلىك يولى. ئۇ يولدىن ئادىشىش — ئىنسانىيلىقتىن ئادىشىش ھېسابلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلۇغ شائىر «خەمسە» داستانلىرىدا ۋاپ ۋە ساداقەتتە ئۈلگە بولىدىغان ۋە شۇ پەزىلەتلىرى بىلەن زادى ئۆلمەيدىغان پەرھاد ۋە مەجنۇن، لەيلى ۋە شېرىنگە ئوخشاش ئاجايىپ قەھرىمانلار ئوبرازلىرىنى ياراتقانىدى. ھەقىقىي شائىرلار ۋاپا جارچىلىرىدۇر. ئۇلار ۋاپا بىلەن سىردىشىشنى ياقتۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دانىشمەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ:

ۋاپا قىلسا كىمكى، تاپار ئۇ جاپا،
تىلەرمەن سوراقلاپ سېنى مەن ۋەپا.
ۋەپا، ماڭا ئېيتچۇ ساڭا كىم تويار،
بېرى كەل، سىر ئېيتاي، قىلىپ جان پىدا.

دەپ يازغانىدى. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بۇ ماۋزۇدىكى ئۆلمەس بېيىتلىرىمۇ ئەنە شۇنداق ئىستەكتىن تۇغۇلغان.

## نەپسىنى يەڭمەك — مەردلىك ۋە شىجائەت

شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تەرىپلىرىدىن قارىغاندا، ھاياتلىق دۇنياسىدىكى جانلىق نەرسىلەر ئۈچ تۈرلۈك سۈپەتكە ئىگە. بۇلاردىن بىرى — شەيتانىي، ئىككىنچىسى — ھايۋانىي، كېيىنكىسى — مەلەكانىي، يەنى ساپلىق ۋە پاكىزلىك سۈپىتى. ئىنسان شۇ ئۈچ سۈپەت ۋە قۇۋۋەتنىڭ بىرلىكىدىن يارالغانمىش. كىمنىڭ ۋۇجۇدىدا ھايۋانىيۇ ھىرىسلار غالىبلىق قىلسا، ئۇ ئەلۋەتتە تىلسىز مەخلۇقلارغا يېقىن بولىدۇ. شەيتانىي خىسلەتلەر كۈچلۈك بولسا ئىبلىستىن پەرقى بولمايدۇ. مەلەكانىيلىق ئۈچۈن قايغۇرسا ئادەم پاك تەبىئەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ گەپلەرگە تولۇق ئىشەنمەسلىكمۇ مۇمكىن. لېكىن باشقا بىر ھەقىقەتتىن شۈبھىلىنىشكە بولمايدۇ: ئۇ بولسىمۇ نەپس تۇزىقىدىكى كىشىلەرنىڭ ھايۋانغا ئايلانغانلىقى، ياكى يەردىكى شەيتاندەك كۈن ئۆتكۈزگەنلىكى. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتمۈشتىكى ئالىم، سەنئەتكارلار نەپسىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىشقان. نەپس — ئىنسان ئىچىدىكى ئاپەتلىك دۈشمەن. ئۇ ئادەمنى ئىچىدىن يېمىرىش ۋە پارچىلاشقا قادىر، نەپس غالىب كەلگەندە تىرىكچىلىك ۋە ئۆمۈر تەشۋىشى باش مەقسەتكە ئايلىنىپ، ئېزگۈ خىياللارنىڭ ئورنىنى مەنپەئەتپەرەسلىك مەيلىلىرى ئىگىلەيدۇ. بۇ ياشاشنىڭ ئەڭ پەس شەكلى. ئەمماقانچىدىن — قانچە كىشىلەر شۇنداق ياشاشقان ۋە ياشاۋاتىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازىدۇ:

ئاۋام قايغۇسى بارچە قارىن ئۈچۈن،
ئادەم تەشۋىشى بارچە بوغزى ئۈچۈن.
تالاي خەلق ئۆلۈپ كەتتى نەپسىنى دەپ،

قارا يەر تېگىدە ياتۇرلار پۈتۈن .

ئىنسان قورساق قايغۇسىغا كۆمۈلۈپ، ئۆز نەپسىنى دەپ « قارا يەر تېگىگە » كۆمۈلۈش ئۈچۈن تۇغۇلامدۇ ؟ ياق ، بولمىسا نەۋائىي : قارنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقتىن كەچ ، «نە ئۈچۈنكى ئەر ئوغلىغا قارىن دۈشمەندۇر » ، دەپ يازماس ئىدى . لېكىن نەپس ئۇنى شۇ بەختسىزلىككە گىرىپتار قىلىشى مۇقەررەرلىكى ، دانىشمەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ سۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇ . ئىبنى سىنا رۇبائىيلىرىدىن بىرىدە مۇنداق دەيدۇ :

دۇنيا ، مەنسەپ دېمە ، ئۈچما جىلۋىگە ،
دوستلاردىن ئاجراپ ھەم ياۋ بېشىنى يەنچ .

بۇ يەردە نەزەردە تۇتۇلۇۋاتقان ياۋ — نەپس . ئىبنى سىنا ھەر نېمىدىن ، ھەتتاكى دوستلۇقتىن كېچىپ بولسىمۇ شۇ دۈشمەننىڭ بېشىنى يانچىشقا چاقىرىۋاتىدۇ . چۈنكى ، تۇرمۇشتا نەپس ھۆكۈمرانلىقى يېمىرىلسە مەنسەپپەرەسلىك ، ئابرويپەرەسلىك ، مال ۋە دۆلەتكە ھېرىسمەنلىك ئىللەتلىرى ئۆز — ئۆزىدىن يوقىلىشقا باشلايدۇ . ھاياتتا شۇنداق تۇراقسىز زاتلار باركى ، ئۇلار ئۈچۈن دوستلۇق شۇنچىكى گەپ . ئۇلار دوستىنىڭ شەخسىيىتىگە ئەمەس ، دوستلۇق نىقابىدا ئۇنىڭ مەنسەپ ياكى بايلىقىغا باغلىنىدۇ . بۇمۇ نەپستىن تۇغۇلغان بىر خىل چاكىنىلىق . ئىبنى سىنانىڭ پىكىرلىرى ئاشۇنداق ساختا دوستلارنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگەنلىكى بىلەنمۇ قىممەتلىك . ئەلۋەتتە ، دوستلۇق مەنىۋى يېقىنلىقتىن باشقا ھېچنەرسىگە تايانمايدۇ — دە !

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ قارىشىچە ، تۈركىي شېئىرىيەتتە نەپس ۋە نەپسانىي ھېسلارنى ئۆزىگە خاس ئىمزچىللىقتا تەنقىد قىلغان شائىرلاردىن بىرى ئەھمەد يەسسەۋىدۇر . يەسسەۋىنىڭ پىكرىچە ، نەپس «ياۋايى قۇشتەك قولغا قونماس » بىر نەرسە . ئەمما قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۇنى قولغا كەلتۈرمەك كېرەك . بۇ قۇش ئۆزى خالىغانچە پەرۋاز قىلىۋەرسە ، كىشىنى كۈندىن — كۈنگە توغرا يولدىن ئازدۇرۇپ ، كۈتۈلمىگەن پالاكەتلىكلەر قايىنىمىغا ئاپىرىپ تاشلايدۇ . ئاقىۋەتتە بولسا :

نەپس يولىغا كىرگەن كىشى رەسۋا بولۇر ،
يولدىن ئېزىپ ، تېيىپ — تۇزۇپ گۇمراھ بولۇر .
ياتسا ، تۇرسا شەيتان بىلەن ھەمراھ بولۇر
......

دېگەندەك بولىدۇ . شائىر نەپس بەندىلىرىگە قارىتا : «نەپسىڭنى يىغ ، ئەي يارىماس ئىنسان» دەپ مۇراجىئەت قىلىدۇ . يەسسەۋىدە يەنە مۇنداق مىسرالارمۇ بار :

نەپسىم ئۈچۈن يۈرەر ئەردىم ئىتتەك كېزىپ .

مانا ، نەپس ئادەملەرنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ — ھە ! ھەقىقەتەنمۇ نەپس غەليانى ئۇششاق — چۈششەك غەرەزلەر ئىنتىلىشىدە خۇددى ئىتقا ئوخشاش سوكۇلداش تەلۋىلىكى . بۇنىڭ ئاقىۋىتى بولسا پەقەت پۇشايمان ۋە ئارمان . شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ تۆۋەندىكى تۆتلۈكى ئىبرەت ئاھاڭىدا ئېيتىلغان :

ۋادەرىغا ئارمان بىلەن ئۆمرۈم كەچتى ،
نەپسىم مېنى تۇغيان قىلدى ، ھەددىدىن ئاشتى .
جانىم قۇشى پەرۋاز قىلسا ، رۇھىم قاچتى ،
غاپىل يۈرگەن ئۆمرىن يەلگە ساتار ، دوستلار .

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ نەپسكە بولغان مۇناسىۋىتى ئىبنى سىنا بىلەن ئەھمەد يەسسەۋىنىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ .

ئۇمۇ ئادەم ئۈچۈن ئۆز نەپسىدىن دەھشەتلىكرەك رەقىب بولمايدىغانلىقىنى كۆپ ئورۇنلاردا تەكىتلەيدۇ . نەپس قاراملىقى بىلەن دۈشمەننى بەند قىلىشنى مەردانىلىق سانىمايدۇ . ئۇنىڭچە مەردلىك ۋە باتۇرلۇقنىڭ ھەقىقىي يولى مانا مۇنداق :

بولۇپ نەفسىڭگە تابى ، بەند ئېتەرسە تۇشسە دۈشمەننى ،
ساڭا يوق نەفستەك دۈشمەن قىلا ئالساڭ ئانى قىل بەند .

نەپس شۇنداق بىر نەرسىكى ، تەمە قىلىشتەك مۇشۇنداق ئاددىي بىر ئىشتىمۇ كىشىنى چالغىتىشقا باشلايدۇ ۋە بارا — بارا كىشى يېمەك — ئىچمەك ھۇنەرۋەنى دەرىجىسىگە يېتىپ قالىدۇ . « نەپس بالاسىغا ئۇچرىغان ئادەمنىڭ يېيىشتىن باشقا ھۇنىرى يوق» دەيدۇ نەۋائىي . تاماق بالاسى بىلەن بىللە كېلىدىغان يەنە باشقا خىرسلارمۇ بار ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇلار : ئاچ كۆزلۈك ، تەكەببۇرلۇق ، خۇشامەتگۇيلۇق ، مەنپەئەتپەرەسلىك ـ ئەقلىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمايدۇ . ئۆز نەزەرىدە ئۆزى دانا ۋە چېچەن . ئۇنىڭ هەر بىر بولمىغۇر ئىشى ئۆزىگە گۈزەل ۋە ئېسىل كۆرۈنىدۇ .» مەنسەپ ۋە چوڭچىلىقنى ياقتۇرۇش ئادىمىيلىك تەلەپلىرىگە كىرمەيدۇ . ئەمما شۇنىڭغا قارىماي ئىنسان مەرتىۋىگە ئىنتىلىدۇ ، كېرىلىدۇ . خاندەمىر «مەكارىمۇل ئەخلاق» ئەسىرىدە نەۋائىينىڭ خوجا شەهابىددىن ئۇبەيدۇللاغا يۈتكەن مەكتۇپىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ . بۇ خەتتە مەنسەپ مەسلىكى ۋە تەكەببۇرلۇق نەپس قىلمىشلىرى شەرھلەنگەن : «هۆرمەتلىك بۇرادەر ۋە سۆيۈملۈك پەرزەندكە ! مۇشتاقلىق سالامىنىڭ ئاداسىدىن سوڭ مەلۇم قىلمىسىزكى ، ئىنساننىڭ مەرتىۋە ھەم ئۇلۇغلۇقنى سۆيۈشى ئۇنىڭ تەبىئىتىدىدۇر . مەنسەپنىڭ خاسىيىتى ـ غەپلەتنى ئارتتۇرىدۇ ... بۇنداق كىشىنىڭ ـ يەنى مەنسەپ ئادىمىنىڭ هوشيار بولۇشى بەكمۇ قىيىن . ئۇ بەزىدە ئەقىل كۈچى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇپ ئالسىمۇ ، بىراق مەنسەپ مەسلىكى ئۇنى ئۆز هالىغا قويمايدۇ . هەقىقەتەن شۇ مەسلىك چېغىدا تەقدىرنىڭ ئىنتىقام ئالىدىغانلىقى رەھىمسىزلىكى ۋە تەقدىر ياراتقۇچىسىنىڭ ئادالەتلىك هاكىم ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئېسىگە كەلمەيدۇ ... دېمەك ، نەپسى پاك ۋە ئەقلى ساپ كىشى بۇ مەسلىكلەردىن ئۆزىنى بىھوش قىلماسلىقى ، ئۆزىنى چوڭچىلىق ۋە بىلەرمەنلىككە سالماسلىقى ، زۇلۇم كۆرگەن دەردمەنلەرنىڭ هالىغا يېقىشى كېرەك» ئىنساننىڭ ئاندىن تۇغۇلۇشى ـ پاكلىق . لېكىن يىللار ئۆتۈپ ياش چوڭايغانسېرى ئىنسان كۆڭلىدىن پەس ھېس ـ تۇيغۇلار ئورۇن تالىشىدۇ . مەسىلەن ، پۇل ، مەنسەپ ۋە مەنپەئەت خىرىسلىرى . ئادەم ئۇلارنى تۈگىتەلمىگەن ، ئۇلارنى بەرھەم تاپتۇرىدىغان چارىلار ئۈستىدە ئويلىنىشى كېرەك . بۇ بىرىنچى نۆۋەتتە ، كىشىلەر قېنىنى قىزدۇرغان نەپس هاۋاسىدىن روھنى پاكلاشتۇر . نەپس ئەمرىگە باغلانغانلاردا هېچقاچان مەنىۋى ئاسايىشلىق بولمايدۇ ، ئۇلارنىڭ قەلبىگە تېشىدىن ئەمەس ، بەلكى ئىچىدىن بىر ئازابلىق تىغ دائىمى سانچىلىپ تۇرىدۇ . ئۇلار ئۆزلىرىنى تىرىك ھېسابلىشىدۇ ، ئەپسۇسكى ، خىرىس ئۇلارنى هالاك قىلىغان بولىدۇ . خىرىستىن خاراب بولغانلار خەلق هاياتىنىڭ روناقىغا قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان كىشىلەردۇر . نەۋائىي بۇ پاجىئەنى ناهايىتى چوڭقۇر دەرد بىلەن ئىدراك قىلىپ ، ئەستىن چىقمايدىغان هۆكۈمنى يېزىپ قالدۇرغان :

تا هىرسۇ هەۋەس خىرمەنى بەرباد ئولماس ،
تا نەپسۇ هەۋا قەسرى بەر ئۇفتاد ئولماس .
تا زۇلمۇ سىتەم جانىغا بىداد ئولماس ،
ئەل شاد ئولماس ، مەملىكەت ئاباد ئولماس .

بۇ رۇبائىيدا ئاچ كۆزلۈك ۋە خىرىس قارىلىنىدۇ . نەپس ۋە كىبىر قەسىرلىرىنى غۇلاتماسلىق ياش قىلىنىدۇ . ئەمەلدارلارنىڭ زۇلۇم ۋە سىتەمكارلىقلىرىنى يىگىش باش ۋەزىپە قىلىپ قويۇلىدۇ . بۇلار تۈگىتىلمىسە ، هېچقانداق ۋاقىتتا ئەل شاد ، مەملىكەت ئاۋات بولالمايدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ . دېمەك ، ئەل شادلىقى بىلەن مەملىكەتنىڭ ئاۋاتلىقىنى كۆزلىگۈچى هەر بىر كىشى «نەپسى هاۋا قەسرى» نى غۇلىتىشنى هەر كىم ئۆزىدىن باشلىشى ، ئاندىن باشقىلاردىن تەلەپ قىلىشى كېرەكلىكى هەققىدە سۆزلىگەنىدۇق . خوش ، بۇنىڭغا قۇدرەت يەتمىسچۇ ؟ ئاجىزلىق ئۈستۈن كەلسىچۇ ؟ مەنىۋى قۇدرىتى تەڭداشسىز بۈيۈك شەخسلەر بۇنىڭغا هېچقانداق ئىككىلەنمەي تۇرماستىن ، ئۆز پىكرىنى تويپتوغرا ئېيتىشقان . بابۇر ئەنە شۇنداق قۇدرەتلىك شەخس ، مانا ئاڭلاڭ :

ئۆمر غەفلەت بىلەن ئۆتكۈرمىشمەن ،
نەپس بۇيرۇقى بىلەن يارمىشمەن .

شائىر ئۆمرىنىڭ غەپلەت ۋە «نەپس بۇيرۇقى» بىلەن ئۆتكەن پەيتلىرىنى ئويلاپ «دەردۇ ئەلەم» گە تولىدۇ . «نەپس ئىلكىدە زەبۇن» هالەتلىرىدىن دىلىغا ئۇيات ۋە ئارمان هېسلىرى يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ .

بۇنى ئومرۇ بۇ نې بەلالىغدۇر ،
بۇ نې تەۋرۇ نې يۈز قەرالىغدۇر .

دەپ نادامەت چېكىدۇ . مانا شۇ ئوچۇقلۇق ۋە پەۋقۇلئاددە توغرىلىقنى ئېرىشمىگەندە بابۇر «شەهۋەتۇ نەپس» نىڭ دۈشمەنلىكىنى تەن ئېلىپ ، «دۆلەت ئۇچۇن كۆڭۈلنى زار ئەتمە ، ئىززەت ئۇچۇن ئۆزۈڭنى خار ئەتمە» دېمىگەن بولار ئىدى .

نەپسىنىڭ كەسپىدۇر ھەۋايۇ ھەۋەس ،
روھ ئەلىدەدۇر بۇلار يارىماس .

دەيدۇ باپۇر . نېمىدېگەن دانا پىكىر ! بۇ پىكىر نېمىشقىدۇر ئابدۇللا ئارىپوفنىڭ «روھىم» شېئىرىدىكى «روھىم ، سەن ۋۇجۇدۇڭنىڭ غېمىنى يە» دېگەن قۇرنى ئەسلىتىدۇ . بەلكى بۇ ئادەمنىڭ ئۆز نەپسىنىڭ ھاۋايۇ ھەۋەسلىرىدىن ئۆزىنى ئازاد قىلىشى توغرىسىدىكى ئەڭ يېڭى ، ئەڭ مۇنەۋۋەر پىكىردۇر . بەلكى ئۇ يەسەۋى ، نەۋائىي ۋە باپۇر . . . غا ئوخشاش ئۇلۇغلار شېئىرىيىتىگە بولغان مېھرى ئىخلاس شاراپىتىدىن تۇغۇلغاندۇر . بولمىسا ئابدۇللا ئارىپوف :

نەپس بىلەن دۇنياغا دىل بەرگەن پاسىقلار ،
شۇبۇ كۈن ،
يەسەۋى خاك پايىدىن ئەيلەپ ئېلىك تۇمارلار .

دەپ يازارمىدى ؟ دېمەك ، نەۋائىينىڭ ئومۇمىي ئىنسانىي غايىلىرىگە سادىق بولغان شائىرلار قەلبىدە يۈكسەك ۋە سۇلماس روھ ئۈچۈن ھاياتىي جاۋابكارلىق تۇيغۇلىرى ھەمىشە نۇرلىنىپ تۇرغان .

## نادانلىق - ياۋۇزلۇق

قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى سوقراتنىڭ ئېيتىشىچە : دۇنيادا بىرلا ئېزگۈلۈك بار . بۇ - بىلىم ، بىرلا ياۋۇزلۇق بار ، بۇ - نادانلىق . دەرھەقىقەت ، شۇنداق . دۇنيادا قانچىلىك ئېزگۈلۈك ۋە ئالىيجانابلىق بولسا ، بۇ ئالدى بىلەن بىلىم مېۋىسىدۇر . جاھالەت ، پەسلىك ۋە رەزىللىكلەرنىڭ ھەممىسى نادانلىقتىن باشلىنىدۇ . جاھاندىكى ھەممە سەلتەنەت قاتىللىرى ئۆز مەقسەتلىرى يولىدا نادانلاردىن پايدىلىنىپ كەلگەن . «نادان دوستنى دوست سانىغا كىرگۈزمە ، شۇڭا ئەقىل شامىنى ئۇنىڭ بىھۇدە ئەپسانىسى بىلەن ئۆچۈرمە» دەيدۇ ئەلىشىر نەۋائىي . راست ، بۇنداقلارنى ئادەملەر قاتارىغا قوشماقنىڭ ئۆزى نادانلىق بەلگىسى . بىز ئادەتتە ئوقۇشقا قىزىقمايدىغان ، ساۋاتى بوشراق كىشىلەرنى نادانلار دېيىشكە مايىلمىز . بۇ توغرا ئەمەس . قەدىمكى كىتابلاردا : «پايدىلىق ئىلىم بىلەن مەشغۇل بول ، پايدىسىز ئىلىمدىن ئۆزۈڭنى تارت» ، دېيىلگەن . خوش ، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ نەپلىك بىلىم نېمە ؟ ئۆزلىرىنى ئاقىل ھېسابلاپ يۈرگەن بىلىمدانلارغا شۇ سوئال بىلەن مۇراجىئەت قىلىپ كۆرۈڭ ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە دەرھال بىر خىل بىچارىلىق ئالامىتى پەيدا بولغانلىقىنى كۆرىسىز . بەلكى ئۇلار ئابدۇللا ئارىپوف ئېيتقاندەك : «ھەدىسۇ ھېسابتىن زادى ئاداشمايدىغان باشلىرىدا «ئەلجەبىر ئۇسۇلى ئويۇپ كەتكەن» كىشىلەردۇر . لېكىن ئۇلاردا ئاساسىي بىلىم يوق . بۇ ۋەتىنىنى سۆيۈش ئىلمى . ئەشەددىي نادانلار ۋەتىنىدە ۋەتەنسىز بولۇپ ، بۇنداقلاردىن ھەر قانداق رەزىللىكنى كۈتۈش مۇمكىن . دەل مۇشۇنداق نادانلار ئۆز ۋاقتىدا ئىبنى سىنادەك بۈيۈك زاتلارنىڭ روھىنى ئېزىپ ، ئۇلارنى ئازابلىغان . ئىبنى سىنا مۇنداق يازىدۇ :

ئۆزىنى دانا بىلگەن بۇ ئۈچ - تۆت نادان ،
ئېشەك تەبىئىتىنى قىلۇر نامايان .
ئۇلارنىڭ توپىغا قوشۇل ئېشەك بول ،
بولمىسا كاپىر دەپ قىلار ئېلان .

نادانلىقنىڭ ئۆز ئىقلىمى بار ، ئۇنىڭدا روھى خۇنۇك ، ئەقلى مەجرۇھ ، پەيلى بۇزۇقلار كۆپىيىدۇ . ھەممە دەۋرلەردە نادانىنىڭ كۈلپىتى بولغان . پۇرقەت «ئەيشنى نادان سۈرۈپ ، كۈلپەتنى دانا تارتىدۇ .» دەپ نېمىدېگەن توغرا ئېيتقان - ھە ! مەنمەنلىك نادانلىقنىڭ بىر چوققىسى . بۇ چوققىغا چىققان ئادەم ، زېمىننى ئۇنتۇيدۇ . شائىر توغرا ئېيتقان : «بۇ ھاياتتا دانا تۇپراق ، دانالارنىڭ كۆكسى يۈكسەك» ئەھمەد يەسەۋىنىڭ نادانلىق پاجىئەلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان ھېكمەتلىرى ناھايىتى كۆپ . ئۇلاردىن بىرىدە ئوقۇيمىز :

دۇنيادارلار مالىن كۆرۈپ ھەۋا قىلۇر ،
مەنمەنلىكتىن ئول دەۋايى خۇدا قىلۇر .

بۇنداقلاردىن قانداقمۇ بەزمەسلىك ۋە نەپرەتلەنمەسلىك مۇمكىن ؟ يەسەۋى ھەسرىتى چەكسىز شائىر . ئۇ ئەل ئارىسىدا مېھرى - شەپقەت تۈگەپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قايغۇرىدۇ . ھاياسىزلىق ۋە ئىنساپسىزلىق كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن نالە قىلىدۇ . يالغان پەتىۋالار بىلەن ئاممىنى ئالداۋاتقانلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئازابلىنىدۇ . لېكىن ئۇنى ئەڭ كۆپ قىينىغان غۇسسە - نادانلىق . شائىر ئۈچۈن نادانىنىڭ بەشىرىسىنى كۆرۈشتىن ئارتۇق ئازاب يوق . ئۇ ھەتتاكى :

بىمار بولسا نادانلارنى ھالىن سورىماي ،

نادانلاردىن يۈز مىڭ جەفا كۆردۈم مانا .
دېگەن بەرگىچە باردۇ . يەنە ئۇنىڭ تۆۋەندىكى
قۇرلىرىنى ئوقۇپ كۆرەيلى :

ئايا ، دوستلار نادان بىرلە ئۇلفەت بولۇپ ،
باغرىم كۆيۈپ ، جاندىن تويۇپ ، ئۆلدۈم مانا .
تومرا ئىپتىسام ئەگرى بولغان بويۇن تولغار ،
قانلار يۇتۇپ غەم زەھرىگە تويدۇم ، مانا .

«دۇئا قىلىڭ ، نادانلارنىڭ يۈزىن كۆرمەي»
دەپ يالۋۇرۇپ ، قەلب ھەسرەتلىرىنى مۇنداق ئې-
نىق ئاچقان ئادەمنى سەممىيەتسىزلىكتە ئەيىب-
لەش خاتا قىلىغانلىق ، ئەلۋەتتە ! «مەھبۇ بۇل
قۇلـۇب» تا مۇنداق قۇرلاردىـن ئوقۇيمىز : «نا-
دان ـ ئېشەك» ، ھەتتا ئېشەكتىنمۇ بەتتەر . ئې-
شەكنى قاياققا ھايدىساڭ شۇ ياققا ماڭىدۇ ، نېمىنى
ئارتساڭ شۇنى كۆتۈرىدۇ ، ئۇنىڭدا ئەقىل ـ پارا-
سەت دەۋاسى يوق . بەرسەڭ توق ، بەرمىسەڭ ئاچ ،
بۇ بىر بىچارىدۇر .

. . . نادان ھەتتا يۇقىرىدىكى سۈپەتلەردىنمۇ
خالىي ، زاتى بىلىم لىباسىدىن مەھرۇم . ئۇنىڭ
ئىشى تەكەببۇرلۇق ، گىدىيىش ، خىيالىدا يۈز خىل
تەشۋىش ۋە ئەندىشە . . .» دېمەك ، تەكەببۇرلۇق ،
گىدىيىش ۋە پاراسەتسىزلىك نادانىنى ئېشەكتىنمۇ
پەسلەشتۈرۈۋېتىدۇ .

«نادانغا كېپىگىزنى ئېيتماڭ ، ئۇ سۆز توشۇ-
غۇچىدۇر» ، دەيدۇ نەۋائىي . سۆز توشۇش ئەينى
ۋاقىتتا ئىغۋاگەرلىك ۋە قۇتراتقۇلۇق قىلىشتۇر .
قايسى ئەلدە مالامەت ۋە مالاللىق ، سىقىلىش ۋە
ھارغىنلىق غالىب كەلسە ، ئۇ ئەلدە نادانلىق ئەۋ-
جىگە چىققان بولىدۇ . قايسى يۇرتتا ھەقىقەتنىڭ
باغرى تىلىنسا ، شۇ يۇرتتا غاپىللار يۇقىرى مەۋقە-
لەرنى ئىگىلەيدۇ . نەۋائىي بۇ ھەقتىكى مۇھاكىمى-
لىرىدە كۆپىنچە نادانغا دانانى زىت قويۇپ پىكىر
يۈرگۈزىدۇ . بۇ گويا قاراڭغۇلۇققا قارشى يورۇق-
لۇق ھەققىدە سۆزلەۋاتقاندەك بىلىنىدۇ . شائىر
نادانلارنى ئەيىبلەشتە خىلمۇ خىل ئوبرازلىق ئىبا-
رىلەردىن پايدىلىنىدۇ . ئادەملەر بىلەن يېقىن ۋە
سەممىي مۇناسىۋەتتە بولۇش ياخشى پەزىلەت .
ئەلگە سىڭەلمىگەن ئادەمدىن ئەلمۇ قاچىدۇ . بۇن-
داقلارنى نەۋائىي يامانلارنىڭ يامىنى ھېسابلاپ قات-
تىق سۆكىدۇ . ئادەم تېنە ـ مالامەتلەرگە قالماس-
لىقتىنلا ئويلاپ ، كەلسە ـ كەلمەس توپلارغا ئۆزىنى
ئۇرماسلىقى كېرەك . بولۇپمۇ نادانلار گۇرۇھىدىن
ھەزەر قىلىش لازىم . نەۋائىينىڭ نەسىھەتلىرىگە
ئەمەل قىلىدىغان بولساق ، دۇنيانىڭ ئاق ـ قارى-
سىنى پەرقلەندۈرەيدىغان كامىل زاتلار ئارىسىدى-
مۇ ، ئۆزىمىزنىڭ نامراتلىقىدىن قورۇنماسلىقىمىز
كېرەك . بۇ يەردە مۇنداق سوئال تۇغۇلۇشى مۇم-
كىن : ھەممە ئاڭلىق ئادەم ناداندىن قېچىۋەرسە ،
ئۇلارغا قارشى كىم كۆرىشىدۇ ؟ بۇنىڭدىن تەشۋىش-
لىنىشنىڭ ھاجىتى يوق . چۈنكى خەلقتە بىر قۇد-
رەتلىك كۈچ بار . بۇ ـ ئەدەبىيات . ئەدەبىيات سۆز
ۋە پىكىرنى ئاسماندىن ئالمايدۇ . ئۇ خەلقنىڭ ئىل-
غار ۋەكىللىرىنىڭ پىكرىگە تايىنىدۇ . ئۇلارنىڭ
دەردلىرىنى قەلەم بىلەن جانلاندۇرىدۇ . دېمەك ،
بىز ھەر كۈن ، ھەر سائەت ئۆزىمىزنى يۈكسەلدۈ-
رۈپ ، چەكلىمىلىك ، كالتە پەملىك ۋە بىلىمسىز-
لىكىمىزنى تۈگىتىشىمىز لازىم . ئەنە شۇ چاغدا نا-
دانلار بىلەن مۇرەسسەچىلەرنىڭ سانى كۈنسايىن
ئازىيىپ بارىدۇ . بۇ پىكرىمىزنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن
بىر مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتەي . شەۋكەت رەخماننىڭ
«سورۇن» دېگەن بىر شېئىرى بار . مەزمۇنى مۇن-
داق : «ئۇلپەتلەر يىغىلغان ئاجايىپ سورۇن» .
ھەممىنىڭ كەيپى چاغ . بىرسى ئۆزىنىڭ «يۈكسەك
مەقسىتى» دىن سۆزلەيدۇ . يەنە بىرلىرى گاھ ئۆت-
مۈشكە ، گاھ كېلەچەككە نەزەر ئاغدۇرىدۇ . بەزە-
لىرى گويا ئالەم تەقدىرىنى ھەل قىلىدۇ .

ئېغىزلىرىدا بۇلۇتتەك كۆپۈك ،
يۈزلىرى ئاق ، ئىچلىرى قارە .
قىزىقى ، بۇ زاتلار قايدىدۇر ،
كىملەرنىدۇر قىلار ئىدارە .

قاراڭكى ، بۇ غەلىتە سورۇندا بىر ئادەم ئۆزى-
نى باشقىچە سەزمەكتە . بۇ تونۇشسىزلىق ئارتقان-
سېرى ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ يوغان ئېچىلىپ ،
ئەقىل يەتمەيدىغان بىر ھادىسە ـ ئاجايىپ قىزىق
مەنزىرە پەيدا بولىدۇ :

سورۇندىكى ئاياغلار ئاستا ،
كىرەر تۇياق ، چاپچىش شەكلىگە . . .

«بىرىدە ئېشەك» ، «يەنە بەزىسىدە توڭغۇز
تۇيىقى» ، بۆرە پەنجە ئۆسەر بىرىدە» ، «باشقىسىدا
تۈلكە ئايىغى» . شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەم تىت-

رەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ يىرگىنچلىك سورۇننى تەرك ئېتىدۇ. چۈنكى «ئادەمنىڭكى ئىدى ئۇنىڭ ئايىغى...» بۇ يالغۇز تەرك ئېتىشلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە نەۋائىينىڭ «ئۆززۆگە ئەبلەخۇ ناداننى ئەيلەمە ھەمراز» دېگەن سۆزلىرىگە ۋىجدانەن رىئايە قىلىشتۇر. شەۋكەتنىڭ شېئىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئېشەك تۇيىقى، بۆرە پەنجىلىكلەر تۇرمۇشتا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغىنى يوقمۇ؟ بۇنداقلار ئەل ئىچىدە دائىم بولغان، بۇندىن كېيىنمۇ بولىدۇ. بۇنى ھېسابقا ئالماسلىق ئومۇمنىڭ زىيىنىغا پىكىر قىلىش بىلەن باراۋەر. نەۋائىي:

ناكەسۇ ناجىنس ئەۋلادىن كىشى بولسۇن دەبان،
چەكمە مېھنەتكىم، لەتىف ئولماس كەسافەت ئالەمى.
كىم كۈچۈك بىرلە خوتەككە نېچە قىلساڭ تەربىيەت،
ئىت بولۇر، داغى ئېشەك، بولماسلار ئەسلا ئادەمى.

دېگەندە پەلسەپۋى قىممىتىنى ھېچ يوقاتمايدىغان ئاجايىپ بىر پىكىردىن بېشارەت بەرمىگەنمۇ؟

ھايات كۈچلۈك ئادەملەرنى سۆيىدۇ. كۈچلۈكلەر بولسا جەمئىيەت ھاۋاسىنى نادانلارنىڭ بەدبۇي ھىدلىرىنىڭ بۇلغاپ يۇرۇشىگە پەرۋاسىز قارالمايدۇ. نادانىنىڭ بەختى بولسا، بەختسىزلىككە قىلىنغان سۈكۈتتۇر. نەۋائىي شېئىرلىرىدا شۇ بەختسىزلىكنىڭ شەرھلىرىنى يازغان. شائىرلىرىمىز بۇنىڭدىن ھەر قانچە ئۆرنەك ئالسىمۇ ئەرزىيدۇ.

## ھەسەت ـ زەھەرلىك ئويغاقلىق

يېرىم تۈن، يېقىن ـ يىراقلاردا چىراغلار ئۆچۈۋاتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ھەممە ياق تۈن سۈكۈناتىغا چۆكىدۇ. ھەممە ياق قارايغان، ئەتراپنى خىيالىي جىمجىتلىق قاپلىغان. كىشىلەرنى ئازابلاپ «كۈندۈزدىن چارچىغان ئويغاق مۇشەققەت» مۇ ئەمدى «تىنچ تومۇرلاردا» ئۇخلاپ ياتىدۇ. ھېرىپ ـ تېلىققان قۇشلارمۇ «پارقىراق تۇمشۇقلىرىنى پەيلىرى ئارىسىغا تىقىپ» بىر خىلدا مۈگدەيدۇ. كېچىلىك تۆشەكتە چۈشەكەۋاتقان ئادەملەرچۇ؟ ئۇلارمۇ ئويغاق ئەمەس، «چۈشلەر قوينىدا» ئۇخلايدۇ. قىسقىسى بۇ گۈزەل چاغ، بۇ ساماۋى ھالەت قوچىقىدا «چەكسىز كائىناتمۇ مۈگدەيدۇ». بۇ دىلنى ياشناتقۇچى تۈن مەنزىرىلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرسىڭىز، ھەتتا «كېچىلەرنىڭ مېھمىنى ـ شەبنەم» مۇ ئۇخلاۋاتقان بولىدۇ.

ئۇخلار ھۆكۈمرانلار، ئەتسى تىنچسىز،
ئۇخلار كېپىنەكلەر، ئۇخلار يولۋاسلار.
ئاشىقلار كۆڭلىدە ئۇخلار سېغىنىش،
ئۇخلار شىكايەتلەر، ئۇخلار ئەرز ـ دادلار.

ھەتتا دائىملىق تىنچسىزلىق ۋە بىئاراملىق ئىچىدە ياشايدىغان قاتىل ۋە زالىملارمۇ ئۇيقۇ دېڭىزىغا غەرق بولىدۇ، لېكىن ئالەم دەم ئېلىپ، بىغەملىككە قەدەم قويغىنىدا «بىرلا تۇيغۇ» زادى ئۇخلىمايدۇ. چۈنكى «ئۇنىڭ تۆشىكىدە مىخ بار» ئابدۇللا ئارىپوف «تۈن مەنزىرىلىرى» ناملىق شېئىرىدا ئاشۇ تۇيغۇنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ دەيدۇ:

ئۇنى قىيناپ ياتار تىنىمسىز موراق،
پەقەت ئۇخلىمايدۇ بىرگىنە ھەسەت.

بۇ ـ زەھەرلىك ئويغاقلىق، نەۋائىي ناداننى ئېشەك، «بەلكى ئېشەكتىنمۇ بەتتەر» ياسىقنى ئەخلاقسىز، يالغانچىنى گۇناھكار، غەيۋەتخورنى ئەجەلسىز ئۆلىدىغان ناپاك، دەپ خاراكتېرلىگەن. ھەسەتخور كىم؟ ئۇ بېخىل، ئەشەددىي قارا كۆڭۈل، ئىچى تار بىر مەخلۇق، ھەسەتخور كۆپىنچە پاكىز، ئاددىي كىشى بولۇپ كۆرۈنىدۇ. لېكىن دىلى كۆرەلمەسلىك، دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت كۆمۈرلىرىگە تولغان بولىدۇ. ئابدۇللا ئارىپوف ھەسەتخورنىڭ ئىچىدە «تۇتىنلاپ كۆمۈر بار» دېگىنىدە زادىلا مۇبالىغە قىلمىغان، ئەمما ھەسەتنىڭ نەدىن ۋە قانداق تۇغۇلغانلىقى ئۇنىڭغا بىر سىر:

ئىدراكىم بارىچە ياشىدىم پەقەت،
پەم ئەتتىم دۇنيانى ئۆزۈمچە قات ـ قات.
يالغۇز بىر سىرغىلا ئەقلىم يەتمىدى،
نەدىن تۇغۇلىدۇ، بىلمىدى ھەسەت.

ھەسەتنىڭ ئانىسى ـ كۈچسىزلىك، مەنىۋى ئاجىزلىق. ئېيتايلۇق، شىر تۈلكىگە ھېچبىر ئىشتا ھەسەت قىلمايدۇ. تۈلكە بولسا شىرنىڭ زاۋاللىقىنى تىلىشى مۇمكىن. بۇ ـ ھەسەت. شۇنىڭ-

غا ئوخشاش ئىستىبداتلىق ئادەملەرنىڭ نەپەسلىرىدىن ئىستىبداتسىزلار كۆپىنچە غەشلىنىپ بوغۇلىدۇ. دانانىڭ پىكرىدىن نادانىنىڭ بېشى ئاغرىيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيانىڭ قايسى جايىدا كامال تېپىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلۇغ ئىستىبدات ئىگىلىرى - مەيلى ئۇلار ئالىم، شائىر ياكى تېۋىپ بولسۇن، ئوخشاشلا ئۇ ياكى بۇ خىلدا ھەسەت ئوقلىرىغا نىشان بولۇپ ئۆتكەن. ئىبنى سىنا، قەلبى ئىشغال قىلىنغان غايىلەر، ئۇ كۆز تىككەن مەنزىرىلەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمىگەن. ھەسەت ئۇچقۇر ئارغىماقنىڭ ئاياغلىرىغا مىخ بولۇپ سانچىلىشى مۇمكىن. ھەسەتنىڭ كەسپى گۆركالىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ مەردلەرنىڭ يوللىرىدا تىنىمسىز گورەك كولايدۇ. ھەسەتخور زەھەرلىك يىلاندەك پەيت پايلايدۇ. خۇددى سايىدەك كىشى كەينىدىن سۆرۈلۈپ يۈرىدۇ. ھەسەت تەھدىتىدىن ھەمىشە ئاگاھ بولۇپ ياشاش كېرەك. لېكىن ۋاقىت ۋە ئەقىل سەرپ قىلىپ ھەسەت بەندىلىرىگە قارشى ئەتەي كۈرەش قىلىش لازىم ئەمەس. نەۋائىي ئېيتقان: «ھەسەتخور - بىمار، بەلكى ھالاكەتلىك كېسەلگە گىرىپتار»، شائىر پارىچە قىتئەلىرىنىڭ بىرىدە، دۈشمەننىڭ ھەسەتخور بولسا ياخشى، دەيدۇ. نېمىشقا؟ ئاڭلاڭ:

دۈشمەننىڭ ھەسەتچى بولغانى ياخشى،
بەد فېئلى ئۆزىگە بېرىدۇ ئازاب.
ئۆز فېئلى ئۆزىگە دوست - دۈشمەن بولسا،
قەستىدە جىسمى - جان بولادۇر خاراب.

ھەسەتخورنىڭ ئىچى - دوزاخ. ئۇ شورلۇق دوزاخ توغرىسىدىكى ۋەقە ۋە قىيناقلارنى ھەر كۈن، ھەر سائەت باشتىن كەچۈرىدۇ. ئۇنىڭ جىسمى ۋە جېنىنى ئېتى نامەلۇم قانداقتۇر قۇرت - قوڭغۇزلار پارچىلايدۇ، ئۇنىڭ كۆڭۈل كۆزى بىلەن دۇنيانى كۆرۈشكە غەرەز تۈتۈنلىرى ئەسلا ئىمكان بەرمەيدۇ. نەۋائىي بۇلارنىڭ بارچىسىنى ئۇلارغا ھەقلىق جاپا سۈپىتىدە باھالايدۇ:

ھەر كىمكى ھوسۇد ئېرۇر سەزادۇر ھەسەدى،
ھەقدىن بولغان يامان قەزادۇر ھەسەدى.
ئۆز جانىغە يەتكۈنچە بەلادۇر ھەسەدى،
بەلكىم ئاڭا بىداۋادۇر ھەسەدى.

بۇ «داۋاسى يوق دەرد»كە مۇپتىلا بولماسلىقنىڭ چارىلىرى نېمە؟ تىنىمسىز ھالدا روھىي يۈكسەكلىككە ئىنتىلىش. يۈرەك كەڭلىكى، باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئازابلىنىپ تولغانماسلىق، پىسقى پاساتلاردىن يىرگىنىش، پاك مەقسەتلەر بىلەن ياشاش، ئۆز ئىشىنى سۆيۈش، شەخسىي بەسلەششلەرگە پەرۋا قىلماسلىق - بۇلار ھەسەتكە قارشى ئۈنۈملۈك چارىلەردۇر. ئەڭ ئاساسلىقى ئاق كۆڭۈل بولۇش. كۆڭۈل قارىلىققا پۈركىنىشكە باشلىدىمۇ، دېمەك، بۇ ھەسەتنىڭ باشلانغانلىقىدىن دالالەت. ئۇ چاغدا ئادەمدىن ئىقبالمۇ، ئامەتمۇ ۋە ئېتىبارمۇ قاچىدۇ. بۇ ھالدا سىزگە ھال - ئەھۋالىڭىزنى كۆرۈپ، كۆز تىكىپ يۈرگەن بىرەر ئاقىل زات بەلكى نەۋائىينىڭ مانا بۇ مىسرالىرىنى ئوقۇپ بېرەر:

ھەر كىمكى ھەسەد خىسلەتىدۇر ۋاي ئاڭا،
ئىقبال ئىلەفەرق فەلەكساي ئاڭا.
ھېچ ئافەتدىن بولماس پەرۋاي ئاڭا،
ھەم ئۆز ھەسەدى ئافەتىدىن ۋاي ئاڭا.

«ھەسەت - قەلب ئوغىسى». يۈرىكى زەھەرلەنگەن كىشىنىڭ ئەھۋالى «ۋاي» بولۇشى شۈبھىسىز. ئۇ روھىي شادلىق دېگەننى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ خاتىرىسى ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىكلەر بىلەن تولغان قۇتىدىن باشقا ھېچنەرسە ئەمەس. ھەسەتخور دۇنياغا ھوشيار ئەقىل ۋە سۈزۈك ئىدراك بىلەن خالىس نەزەر تاشلىمايدۇ. ئۇ ئەيىبلەيدۇ، غەزەپلىنىدۇ، ئەمما زەررىچە خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمەيدۇ.

ھەسەتنىڭ ئادەمنى ئىزدىن چىقىرىدىغان يەنە بىر ھەييارلىقى بار. ئۇ بەزىدە زورۇقۇپ ئۆلگەن كىشىلەرنى ئۇلۇغلايدۇ. بۇ چاغدا ھەسەتخور تىرىكلەرنى يەنى ئۆزىگە ياقمايدىغان پاك ۋە دىيانەتلىك زاتلارنى ھاقارەتلەۋاتقان بولىدۇ. ھەسەتخور ھېسابات ماشىنىسىدەك كەمچىلىكلەرنى سانايدۇ، ئادەملەردىكى قۇسۇر ۋە نۇقسانلارنى ھېسابلايدۇ. لېكىن كىشىلەردىكى ياخشى ئىنسانىي سۈپەتلەرنى كۆرمەيدۇ. نەۋائىي ئېيتقان: «ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئەيىب ئاختۇرغان ئادەمنىڭ ئۆزى ئەيىبسىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ھەممە نەرسىگە يامان كۆز بىلەن قارىغۇچى كىشى ھەسەلنىمۇ زەھەر ئورنىدا كۆرىدۇ.» ھەسەتخور «ئاددىي تاشنى ياقۇت دەپ بىلىدۇ، سەدەپنىڭ ھەر قانداق سۇنۇقلىرىنى ئۈنچە ھېسابلىشىدۇ. بۇنداق ئادەم بىراۋنىڭ داستىخىنىدا بىر يۇمىلاق كاكچا كۆرسە ئۇنى ئاسمان سەھنىسىدىكى تولۇن ئاي، دەيدۇ. ئادەم-

لەرنىڭ ئالقىنىدا پەيدا بولغان قاداقنى كۆرسە، ھەسرەت قىلىپ، ئۇنى ئۈنچە، گۆھەرنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ، دەيدۇ. تۈن قاراڭغۇلۇقىنى تاڭ يورۇقى دەيدۇ. بىر ئادەم گۈل ھىدلىسا، ئۇنىڭ بەدىنىگە تىكەن سانچىلغاندەك بولىدۇ. ئەلگە شادلىق بولسا ئۇنىڭ دەردى كۆچىيىدۇ. ھالال بايلىقنىڭ ئاپىتى كوفرى بولغىنىدەك ياخشىلار مۇشۇنداق ھەسەتخورلاردىن ئازار يەيدۇ» خەلقىمىز «دەرەخنىڭ قوۋزىقىنى قۇرت يەيدۇ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. بىچارە ھەسەتخورلارنىڭ باغرىنىمۇ قۇرت تىتىپ، ئۇلارنى ئازابلايدۇ. لېكىن ئۇلار شۇنداق ئېچىنىشلىق ھالىتىدىمۇ يۈكسەك پەزىلەتلىك، ئالىيجاناب ئادەملەرنىڭ قەلبىگە نەشتەر سانچىشنى قەستلەيدۇ. مىرزا بىدىل بىر شېئىرىدا: «ھەممە ئىچى قارا ئادەملەرنىڭ ئادىتى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ھەسەت. ئۇلارنىڭ خۇنۇك نەزەرى پاكلار تۆھمىتىگە قارىتىلغان، سەن بۇنىڭدىن ھەيران قالما. ئاپئاق پاختىنى ئۆيۈڭنىڭ تەكچىسىگە قويغىن — دە، ئاستىدىن شام ياق، شامنىڭ تۈتۈنى يۈكسەكتىكى ئاشۇ پاختىنى قاراپ ئۇچىدۇ. بىرىنچى بولۇپ ئۇنى قارايتىدۇ».

نېمىدېگەن بۈيۈك ھېكمەت! دېمەك ۋىجدانى پاك ئادەم ئۇ ياكى بۇ خىلدا ھەسەت تۆھمەتلىرىگە يولۇقۇشى مۇمكىن. جاھالەت — ھەددىدىن ئاشقان نادانلىق. نېمىشقىدۇر جاھىل نادانغا قارىغاندا ۋەھشىيدۇر. ئۇنىڭ ئارامى — قوپاللىق، قەھرى ياۋۇزلۇق. جاھالەتكە ھەسەت قوشۇلغاندا، نېمىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن. بۇنىسى بەكمۇ دەھشەتلىك!

ئابدۇللا قاھار ھېكايىلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق رىۋايەت كەلتۈرىدۇ: خىزىر سەھرادا بىر كورنى كۆرۈپ، رەھمى كېلىپتۇ — دە: «ئەي خۇدانىڭ بەندىسى، تىلىكىڭنى تىلە» دەپتۇ. كور خۇدادىن كۆزىگە نۇر تىلەشنىڭ ئورنىغا «ئەي خىزىر، خۇدادىن تىلەپ بەرگىن، ھەممە ئادەملەرنىڭ كۆزى كور بولسۇن — دە، مېنىڭ ئەلىمىم بېسىلسۇن»، — دېگەن ئىكەن. جاھىل ھەسەتچى دەل شۇ كورنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇ شۇنچىلىك يىرتقۇچ ۋە شۇنچىلىك شەپقەتسىز. بولمىسا ئۇ ئەل كۆزىدە نۇر كۆرۈپ كۆزى قاراڭغۇلاشقىنى يەتمىگەندەك جەۋرى سىتەم تىغى بىلەن ئەل كۆزىنى ئويۇپ ئېلىشقا ئىنتىلەرمىدى؟ ئەل كىم، سەن كىم؟ بۇ دەل نەۋائىينىڭ رۇبائىيسىدىكى «ھەسەتخور ئۆز كۆزىنى ئۆزى ئويىدۇ» دېگىنىنىڭ خۇددى ئۆزى ئەمەسمۇ؟

شۇنداق، ھەسەت ئەڭ يىرگىنچلىك تۇيغۇ. دانالارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىچە، نەپرەت، ساتقۇنلۇق ۋە پىتنە — پاساتلار ھەسەت بايرىقى ئاستىدا ۋايىغا يېتىدىكەن. بەزىبىر ئەقىللىق ھەسەتخورلارنىڭ ئەتراپىغا ئولاپ غەيۋەتخور، چېقىمچى، ساتقىن ۋە پىتنە — پاساتچىلارنىڭ توپلىنىشى تاسادىپىي ئەمەس.

قېچىردەك چايانلار، پىل ئوخشاش مويلار،
بەدىنىڭدىن سۈرەر قانىڭ، غەيۋەتچى.

غەيۋەتخورنىڭ «قېچىردەك چوڭلۇقتىكى چايانلار»نى ئۆز قېنى بىلەن سەمرىتىپ يۈرىدىغانلىقىنى ھېچقاچان خىيالىمىزغا كەلتۈرمىگەنمىز، مەختۇمقۇلىنىڭ يۇقىرىقى تەسۋىرى غەيۋەت ئەھلىنىڭ ئېغىر جازالارغا مەھكۇملۇقىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ «قېچىردەك چايانلار» نىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. پاسىق ۋە غەيۋەتخورلار ئۆمۈرلىرىنى سەرپ قىلىپ ئۆزگىلەرنىڭ گەپ — سۆزلىرىنى «كوچا — كويلاردا تارقىتىدىغان»، ھۆرمەتكە مۇتلەق مۇناسىپ بولمىغان ئازغۇنلاردۇر. نەۋائىي ئۇلارنى زادى ھۆرمەت قىلماسلىققا ئۆگىتىدۇ. تىلىمىزدا «راھەت» ئاساسەن ئىچكى پىكرى پاراغەت، كۆڭۈلنى پاكلاپ روھقا يۈكسەك ھوزۇر بېغىشلايدىغان تۇيغۇ ۋە ھالەتلىرىنىڭ يىغىندىسى. نەۋائىينىڭ «ھەر كىمسە ھوسۇد بولسا راھەتسىز ئۆلۈر»، سۆزلىرى پاسىق ۋە غەيۋەتخورلارغىمۇ تېگىشلىكتۇر. ھەسەت، پىتنە، غەيۋەت — بۇلار «يامان خىسلەتلەر» نىڭ يامىنىدۇر. بۇلار ئىنساننى بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئىچى بوش جەسەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ ۋە بۇ جەسەت كىشىلەرنى پەقەت ئوغا تارقىتىش بىلەنمۇ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىدىغان جىنايەتلىك يولغا باشلايدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەسەتخور قاتىلدىنمۇ زەھەرلىكتۇر.

**ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەھەممەد پولات**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەشقەرگە كېلىش سەۋەبلىرى

تۇرسۇن ئەرشىدىن

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردىن مەلۇمكى، بۇ ئۇلۇغ بۇۋىمىز مىلادى 1098 ـ يىلى بالاساغۇندا تۇغۇلغان، ئىجادىي پائالىيىتىنى قەشقەردە ئۆتكۈزگەن ۋە قەشقەردە ۋاپات بولغان. ئۇنداقتا ئۇ نېمە زۆرۈرىيەتتىن بالاساغۇندىن قەشقەرگە كەلگەن؟

بالاساغۇن تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكىرلىرىگە قارىغاندا «بىلادساغۇن» سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «بىلاد، بالار، بىلد، بولدات» دېگەنلەر ئەرەبچە شەھەر، شەھەرچە، جاي، رايون، دۆلەت دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بالاساغۇننىڭ تۈرلۈك دەۋرلەردە يەنە قۇزئوردۇ، قۇز ئولۇس، قۇز بالىغ دېمۇ ئاتالغانلىقى بايان قىلىنغان.

«تارىخى جاھانگۇشاي»دا قەيت قىلىنىشىچە، بالاساغۇن شەھىرىنى تۇران خاقانى ئافراسىياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا) سالدۇرغانىكەن. بۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىرلەردىكى ئىش بولۇپ، ئۇ شەھەرنىڭ ئورنى ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ پايتەختى بىشكەك شەھىرىدىن 40 كىلومېتىر نېرىدىكى توقماق شەھىرى ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭ خارابىلىرى ھېلىمۇ بار. ئۇ شەھەر ئەينى يىللاردا كۆپ قېتىم خىلمۇ خىل خانىدانلىقلارنىڭ پايتەختى، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ـ سەنئەت، سىياسىي، ئىقتىسادىي مەركىزى ھەم قاتناش تۈگۈنى بولغان. ئەنە شۇ شەھەر مىلادى 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇر خاقانى بۆكۈ قاغاننىڭ ئوردىسى بولدى. «يەنە ئۇيغۇر خاقانى بۆكۈ قاغان «تارىخى جاھانگۇشاي»دا ئافراسىياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا) دېيىلگەن. ئەگەر بۆكۈقاغاننى ئافراسىياپ دەپ قوبۇل قىلىدىغان بولساق، ئۇندا بۆكۈ قاغاننىڭ سەلتەنەت دەۋرى مىلادى 747 ـ يىلدىن 759 ـ يىلغىچە 12 يىلدىن ئىبارەتتۇر. بۇ تارىخ بويىچە بالا ساغۇننى بۆكۈ قاغان سالدى دېيىلسە، ئۇندا بالاساغۇننىڭ بىنا قىلىنغىنىغا تەخمىنەن 1240 يىل ئەتراپىدا بولغان بولىدۇ» («بالاساغۇن» ھاجى ياقۇپ يۈسۈپى، 1989 ـ يىلى 25 ـ سېنتەبىر، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 3 ـ بەت)

ئۇرخۇن دەرياسى بويىدىكى ئۇيغۇر دۆلىتى پارچىلانغاندىن كېيىن ئۈچ تارماققا بۆلۈنۈپ كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ بىر تارمىقى غەربكە كېلىپ، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىي، شەرقىي، ئىسسىق كۆل ئەتراپلىرىنى ھەم بالاساغۇننى ئىگىلەپ، ئۇنى مەركەز قىلغان قاغانلىقنى تىكلىدى. ئۇ قاغانلىق ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەپ ئالغاندىن كېيىن، شەرققە كېڭىيىپ، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شىمالى، غەربى ۋە جەنۇبىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، كەڭ زېمىنغا ئىگە، قۇدرەتلىك «قاراخانىيلار سۇلالىسى» قۇرۇلغان دەۋردە بۇ سۇلالىنىڭ ھاكىمىيىتى كۆل بىلگە قادىرخانغا ئۆتكەن ئىدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى سىياسىي تۈزۈم جەھەتتە ئىلگىرىكى ھاكىمىيەتلەرگە ئوخشاش قوش خانلىق تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولۇپ، ئەڭ چوڭى خاقان ياكى قاراخان دەپ ئاتىلىپ بالاساغۇندا تۇراتتى. مۇئاۋىن خاقان «ئىلىك خان» دەپ ئاتىلىپ قەشقەردە تۇراتتى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنىسى مەلۇمكى، ئەينى يىللاردا بالاساغۇننىڭ ئورنى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بولغان مەدەنىيەتلىك پايتەخت ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ چاغلاردا بۇخارا، سەمەرقەنت ۋە باشقا جايلاردىن نۇرغۇنلىغان ئالىملار بالاساغۇنغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا ھەممە بۇنداق ئولتۇراقلىشىش

ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقاچقا، بالاساغۇننىڭ ئاھالىسىنى زور دەرىجىدە كۆپەيتكەن ۋە بالاساغۇننى گۈللەندۈرگەنىدى. بالاساغۇن ئەينى چاغدا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي مەركەز بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت - سەنئەت مەركىزى، شۇنداقلا خەلقى كۆپ، چوڭ ۋە باي شەھەر ئىدى. ئۇ يەردە خىلمۇخىل يۇقىرى بىلىم يۇرتلىرى بار ئىدى ۋە ئۇلاردىن نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلار، جەمئىيەتشۇناس، سىياسىيون ۋە تەبىئىي پەن ئالىملىرى يېتىشىپ چىققانىدى. ئەنە شۇلارنىڭ بىرى بولغان، تەخمىنەن مىلادى 1020 - يىللىرى تۇغۇلغان يۈسۈپ ئەنە شۇ يەرلىك ئىدى. شۇڭا ئۇ يۈسۈپ بالاساغۇنى دەپ ئاتالغانىدى. بالاساغۇن كېيىنكى زامانلارغىچە يەنىلا مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلگەنىدى. ئەنە شۇ بالاساغۇنلۇق يەنە بىر مۇتەپەككۇر جامال قارشى دېگەن زات مىلادى 1300 - يىلى يازغان «مۇلھاقات ئەل سۇراخ» ناملىق ئەسىرىدە بالاساغۇننىڭ ئەھۋالى ھەم ئۇ يەردە يېتىشىپ چىققان مۇتەپەككۇر ۋە ئالىملارنىڭ ئىسىملىرىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇستازى ئەھمەد بىن ئەييۇب ئەلى بالاساغۇنى ۋە ئاتىسى ئەييۇب بىن ئەھمەد بالاساغۇنى قاتارلىقلار بار ئىدى.

يۈسۈپ بالاساغۇنى دۇنياغا كەلگەن ۋە بالاغەتكە يەتكەن يىللىرى بالاساغۇننىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرلىرى ئىدى. چۈنكى ئۇ چاغدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ زېمىنىمۇ كېڭىيىپ، غەربتە ھازىرقى قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستاننى، شەرقتە ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شىمالى، جەنۇبىدىن خوتەنگىچە سوزۇلغانىدى ۋە ئۇ كەڭ زېمىندا ئىسلام تۈسىنى ئالغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ ھەم گۈللىنىۋاتاتتى. ھاكىمىيەتمۇ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتاتتى. شۇڭا تارىخچىلار بۇ دەۋرنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ «سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە راسا گۈللەنگەن دەۋرى» دەپ ئاتاشقانىدى.

كېيىن بولسا ھاكىمىيەتتە ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بالاساغۇننى پايتەخت قىلغان غەربىي قاراخانىيلارنىڭ كېيىنكى ھۆكۈمرانى بۆدى تېكىن ئىبراھىم بۇخارانى پايتەخت قىلىپ ئۆزىنى «تابغاچ خاقانى» دەپ ئېلان قىلدى. قەشقەرنى پايتەخت قىلغان شەرقىي قاراخانىيلار بۇنى ئېتىراپ قىلمىدى. بۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى شەرقىي قاراخانىيلار ھەم غەربىي قاراخانىيلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ھاكىمىيەتتىكى ئۆزگىرىش جەمئىيەتكىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. جۈملىدىن بالاساغۇننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدىمۇ زور داۋالغۇش كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالاساغۇن شەرقىي قاراخانىيلار ئىلكىدە قالغانىدى. شۇڭا بالاساغۇن غەربىي قاراخانىيلار ۋە ئەتراپىدىكى سەلجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇراتتى. غەربىي قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى تۇراقسىزلىشىپ پايتەختىمۇ بىردەم بۇخارا، بىردەم سەمەرقەنت ۋە يەنە بىر مەزگىل باشقا جايلار بولۇپ تۇردى. ھاكىمىيەتنىڭ بىردىنلا بۇنداق سىياسىي بۆھرانغا چۈشۈپ قېلىشى ئوقۇشتا كامالەتكە، جىسمانىيەتتە بالاغەتكە يەتكەن يۈسۈپنى قاتتىق ئەندىشىگە سالدى ۋە ھاكىمىيەتنى قانداق قىلغاندا ئوڭشىغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىزدىنىشكە كىرىشتى. ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىش ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى نىيەت قىلغان يۈسۈپ سىياسىي داۋالغۇش ئىچىگە چۈشۈپ قالغان بالاساغۇننى، ھاكىمىيەت تالىشىش ئەۋج ئالغان غەربىي قاراخانىيلارنى تاشلاپ شەرققە يەنى ھاكىمىيەت بىرقەدەر مۇستەھكەم بولغان شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى «ئوردۇ كەنت» - قەشقەرگە سەپەر قىلدى. يۈسۈپنى بالاساغۇندىن قەشقەرگە سەپەر قىلىشقا مەجبۇر قىلغان سەۋەبلەر ناھايىتى كۆپ ھەم ناھايىتى مۇھىم ئىدى. ئەگەر شۇنداق بولمىسا ئۇ بالاساغۇن بىلەن قەشقەردىن ئىبارەت شۇنچە ئۇزاق يولنى بېسىشقا مەجبۇر بولمىغان بولاتتى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا بالاساغۇن بىلەن قەشقەرنى ئاتلىق بىرنەچچە ئايدا ھەتتا يىلدا ئاران بېسىپ بولغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچىلا ئۇزۇن

يولدا تۇرلۇك خىيىمخەتەرلەر جانغا تەھدىت سېلىپ تۇراتتى . ئۇنداقتا ئۇنى سەپەرگە مەجبۇر قىلغان سەۋەبلەر زادى نېمە ؟

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك بالاساغۇنىنىڭ سىياسىي ئورنىدا ئۆزگىرىش بولۇشى بىلەن ئۇ يەردىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭمۇ پەركايى كەتتى . ئىلىمنى ھەقىقىي قەدىرلەيدىغانلار تۈگەپ ، ئىلىمسىزلەر سورۇنلارنى ئىشغال قىلدى . ئىلىملىكلەر ، ئالىملار خارلاندى . ۋەھالەنكى يۈسۈپ ئۇ چاغدا ئىلىمدە تولۇپ ، ياشتىمۇ يىگىتلىكتىن ئۆتۈپ ، ئۆز ئىلىمنى جەمئىيەتكە تەقدىم قىلىشقا تەقەززا بولۇۋاتقان مەزگىللەر ئىدى . بۇنداق چاغدا پەلەكنىڭ بىردىنلا ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ ، بىلىمسىزلەرنىڭ ئالىملار ئۈچۈن بالايىئاپەتكە ئايلىنىشى ئۇنىڭغا ئۆز بىلىمنى قەدىرلەيدىغان ئورۇن تېپىش زۆرۈرلۈكىنى تونۇتتى . بۇنى ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋاللىرىدىن ئاز ـ تولا مەلۇمات بېرىدىغان مۇشۇ سۆزلىرىدىن روشەن بىلگىلى بولىدۇ :

199 . بەك ئازدۇر بىلىملىك ، تولا بىلىمسىز .

ئەقىلسىز تولادۇر ، ئەقىللىق ئەزىز . (ئاز ، كەم مەنىسىدە)

200 . بىلىمسىز بىلىملىككە بولدى يېغى ،

نادانلار ئالىملارغا قارشى ھەر چېغى .

6451 . ئى ئالىم قاراپ كۆر ، بۈگۈنكى زامان ،

ئۆزگەردى ، ئىش ھالەت پۈتۈنلەي يامان .

6452 . بىلىملىك خار ئۆلدى ، چەتلەتتى ئۆزىن ،

ئەقىللىق گاچا بولدى ئاچماس تىلىن .

6453 . كۆپەيدى ئەل ئىچىدە يامان ـ پەس كىشى ،

ياۋاش بولدى دەپسەندە ، چۈشتى بېشى .

6466 . ۋاپا كەتتى خەلقتىن جاپا غولدىدى ،

ئىشەنچ قىلغۇدەك بىر كىشى قالمىدى .

6469 . كىچىككىنە ئەدەب يوق ، ئۇلۇغدا بىلىگ ،

قوپاللار كۆپەيدى يوقالدى سىلىق .

6470 . يېقىنلىق بولدى بەس ، پۇل ـ يارماق ئۈچۈن ،

قېنى ئىش قىلغۇچى دۇرۇس ، ھەق ئۈچۈن .

6471 . ئامانەت ئېتى بار قېنى قىلغۇچى ،

نەسىھەت سۆزى بار قېنى تۇتقۇچى ؛

ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇمكى بۇنداق شارائىتتا يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە ۋە ئۆزىدە جەمئىيەتكە ، ھاكىمىيەتكە پايدىلىق نۇرغۇن ئىلىملەرنى مۇجەسسەملىگەن كىشىنىڭ مۇنداق ۋەزىيەتكە بويسۇنۇپ تۇرۇۋېرىشى ، شۇنداقلا ئۆزىنى ۋە ئۆز ئىلىمنى قەدىرلەيدىغان باشقا جاي ئىزدىمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

6565 . قوپاي مەن ، ماڭاي مەن ، جاھاننى كېزەي مەن ،

جاھاندا ۋاپالىق ئېرۇر كىم ، تاپاي مەن .

6601 . چاپاندەك چاقۇرلەر ، چىۋىندەك شورارلەر ،

ئىتتەك قاۋارلەر قايسىن ئۇراي مەن .

6602 . ئەلەم يەتتى ماڭا بۇ جاھىللار ئارا ،

پۇشايماندا كۈتۈ تۈن نىچۈن يۈك يۈدەي مەن .

6603 . ماڭا كەلمىسۇن ھەممە جەۋرۇ جاپالار ،

بۇ گۈستانە ، پەسلەردىن يىراقراق تۇرايمەن .

ئەنە شۇ سەۋەبلەر يۈسۈپ بالاساغۇنىنىڭ يۇرتى بالاساغۇننى تاشلاپ كېتىشكە يېتەرلىك ئاساس ئىدى . لېكىن ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ناچار قىسمەت ئۇنىڭ ئىرادىسىنى بويسۇندۇرالمىدى . شۇنداقلا ئۇنىڭ كۆڭۈل «سىرى» يەنى غايىسىنى يوق قىلىۋېتەلمىدى .

6464 ئىگىلمەس ۋۇجۇدۇم ھەۋەسكە ئەسىر ،

مەن تائەت قىلمىدىم ئاچاي ئەمدى سىر .

ئۇنىڭدىكى سىر باشقا نەرسە ئەمەس ، بەلكى ئۆز ئىلىمنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يادىكار قالدۇ-

رۇش نىيىتى ، غايىسى ۋە نىشانى ئىدى .
192 . تىلەكىم ئىدى ، ئەي ھېچكىم ، سۆزلىمەك ،
كېيىنكىلەرگە بىر يادىكار قالغۇدەك .

بۇ نىيەت ھەرگىزمۇ ياخشى نام ـ ئاتاق قال-
دۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى جەمئىيەتكە ، كې-
يىنكىلەرگە نەپ يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىدى .
6502 . تىلەكىم ئەمەس شان ـ شۆھرەت ، ياخشى
ئات ،
كىشى نەپئى كۆزلىتىم ، ئۆز ئولسۇن ھايات .

ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ،
شۇنداقلا يۇرتى ۋە دۆلىتىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۆل-
پەتلىك تەقدىر ئۇنى بارغانسېرى ئاشۇ ئىشلاردىن
ئىبرەت ئالمىغان كىشىلەرنى تەربىيىلەشكە ئىن-
تىلدۇردى . ئۇ بۇ ھەقتە قانچە كۆپ ئويلانغانسېرى
جەمئىيەتنىڭ ئويان ـ بۇيان بولۇپ كېتىشى ، دۆ-
لەتنىڭ مۇستەھكەم بولۇش ـ بولماسلىقى دۆلەتنى
باشقۇرۇۋاتقانلارنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق ئىكەن-
لىكىنى شۇنچە تونۇپ يەتتى ھەمدە :

بولۇۋەرسە ئىتقا كۆر ، باش ئارسلان ،
بولۇر ئىتلار ھەممە ئارسلانسىمان .
ئەگەر بولسا ئىت ئۇ ئارسلانغا باش ،
بولۇر ئارسلانلارمۇ ھەم ئىتتەك ھامان .

دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن ھەم ئۆزىنىڭ ئارزۇ-
سى ۋە مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم
ھالقا ھاكىمىيەت بېشىدىكى پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ قول
ئاستىدىكىلەرنى ھاكىمىيەتكە لايىق تەربىيىگە ئىگە
قىلىش نىيىتىگە كەلگەن ھەمدە خانلىقنى تۇتۇپ
تۇرۇۋاتقانلارنى تەربىيىلەيدىغان زور ھەجىملىك ئە-
سەرگە تۇتۇش قىلغان . ئۇ بۇ ئەسەرگە ئۆزىنىڭ
ياشلىقتا ئالغان ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەرنى
ئۆگىنىش داۋامىدا توپلىغان بارلىق بىلىمىنى ،
خىلمۇخىل ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشلىرى داۋامىدا
كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى ۋە ئۆزىنىڭ بىۋاستە
تەجرىبىلىرىنى سىڭدۈردى . ئاشۇ يىللاردا دەل يۈ-
سۈپ بالاساغۇنىنىڭ ئارزۇسىغا ماس ھالدا شەرقىي
قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى
ھەسەن بۇغرا ئىبنى سۇلايمانغا ئۆتتى . ئۇ تەختكە
چىقىپلا شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىدا ئادالەت-
لىك سىياسەتلەرنى يولغا قويدى . ئىگىلىكنى را-
ۋاجلاندۇردى ، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىدى ھەم-
دە ئۇ شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى
ئەۋلاد سەردارى ئارسلان سۇلايماننىڭ چوڭ ئوغلى
بولغاچقا ، ئەل ۋە ئوردىدا ئىناۋىتى زور ئىدى .
شۇڭا ئۇ ھاكىمىيەت تۇتقان دەۋرلەردە «ئادالەتلىك
خان» ، «دىنىنىڭ ھىمايىچىسى» ، «ئىسلام پېشى-
ۋاسى» ، «شەرقىي خاقانى» دېگەن ناملارغا ئېرىش-
كەن ئىدى . يۈسۈپ بالاساغۇن بۇ خاندىن ئۆزى-
نىڭ ئارزۇسىغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان خان
دەپ تونۇپ ھەم ئۇنىڭدىن غەربىي ، شەرقىي
قاراخانىيلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قى-
لىپ ، ئۆزىنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ نادىر ۋە پۈتكۈل
يۈرەك قېنىنى سىڭدۈرۈلگەن ئەسىرى «قۇتادغۇبى-
لىك» نى شۇ خاننىڭ ھۇزۇرىدا ئوقۇپ ئۆتتى ۋە
خانغا تەقدىم قىلدى . بۇ دەل قاراخانىيلار سۇلالى-
سى «شەرقىي ۋە غەربىي» دەپ بۆلۈنۈپ كەتكەنگە
30 يىلدىن ئاشقان مەزگىل ئىدى . خانمۇ ئۇنىڭغا
ئىلتىپات كۆرسىتىپ ۋە ئۇ ئەسەر قىممىتىگە يې-
تىپ ، يۈسۈپ بالاساغۇنغا «خاس ھاجىپ» لىق
ئۇنۋانى بېرىپ ، ئۇنى ئوردىنىڭ ئەزىز كىشىلىرى
قاتارىدا ئەتىۋارلىدى .

يۇقىرىقىلار يۈسۈپ بالاساغۇنىنىڭ تۇغۇلغان
يۇرتىنى تاشلاپ قەشقەرگە كېلىشى ، «قۇتادغۇبى-
لىك» نى يېزىشقا كىرىشىش ۋە ئۇنى تابغاچ بۇغرا-
خان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبنى سۇلايمانغا تەقدىم
قىلىشىدىكى سەۋەبلەردۇر .

# ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە ئەلقىنلىق سۆھبەت

غەيرەتجان ئوسمان

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

B . نەۋائىينى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇلۇغ شائىرى دېگەندە، نەۋائىينى پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيەت سەھنىسىدە جەۋلان قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىززەت ـ ئابرويىنى تېخىمۇ يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە قىلغىلى بولاتتى. مۇبادا ئۇيغۇر شائىرى دېيىلسە بىرلا مىللەت دائىرىسى بىلەن چەكلەپ قويۇلغانلىق بولماسمىدۇ؟

A . ھەرقانداق بىر كونكرېت شەيئىي ئايرىملىق بىلەن ئومۇملۇقنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت بولىدۇ. دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ئۆزىگە خاس ئالاھىدە زىددىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلاردا باشقا شەيئىلەردىن پەرق قىلىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە ماھىيەت بار، يەنى خاسلىق بار. ۋەھالەنكى، دۇنيادىكى شەيئىلەر يەنە بىر ـ بىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئوخشاش تۈردىكى شەيئىلەر مەلۇم بىر ئورتاق ماھىيەتنى يەنى ئورتاقلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايرىملىق بىلەن ئومۇمىيلىق بىر ـ بىرى بىلەن باغلىنىشلىق، ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. «سەمەد دېگەن ئادەم»، «تەكلىماكان دېگەن قۇملۇق»، «جۇڭگو دېگەن دۆلەت» دېگەن بۇ ئەڭ ئاددىي قائىدىلەرنىڭ ھەممىسى ئايرىملىق بىلەن ئومۇمىيلىقنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى ۋە بىرلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. سىز بىر ئورۇنغا بېرىپ سەمەدنى ئىزدىگەندە، ئادەم ئىزدەيمەن دېسىڭىزمۇ خاتا قىلغان بولمايسىز. چۈنكى ئايرىملىق دېمەكلىك ئومۇمىيلىق دېمەكتۇر، ئەھمەد دېگەن ئادەم. لېكىن ئەگەر سىز ئەھمەدنىمۇ ئىزدىمەي، سەمەدنىمۇ ئىزدىمەي، بىر خىل ئابستراكىت، ئومۇمىي ئادەمنى ئىزدەيمەن دەپ تۇرىۋالسىڭىز، ئۇنداق ئادەمنى مەڭگۈ تاپالمايسىز. دۇنيادا ئايرىملىقتىن ئايرىلغان ئومۇمىيلىق يوق، ئومۇمىيلىق بىلەن باغلىنىشلىقى بولمىغان ئايرىملىقمۇ يوق. خۇددى لېنىن ئېيتقاندەك: «ئايرىملىق چوقۇم ئومۇمىيلىق بىلەن باغلانغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئومۇمىيلىق پەقەت ئايرىملىق ئىچىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، پەقەت ئايرىملىق ئارقىلىقلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ھەرقانداق ئايرىملىق (مەيلى قانداق بولسۇن) ئومۇمىيلىق بولىدۇ.[①]»

نەۋائىي ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى مەدەنىيەت دۇنياسىدا ياشىغان ئۇلۇغ شائىر. نەۋائىي ياشىغان دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن خېلى ئەسىرلەر ئىلگىرىلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئايرىم ـ ئايرىم مىللەت بولۇپ شەكىللىنىپ بولغان. شۇنداقلا بۇ دەۋردە يەنە ھەرقانداق بىر ئادەم مۇئەييەن بىر ئۇلۇس ـ خەلققە مەنسۇپلۇقى توغرىسىدا بەلگىلىك ئاڭغا ئىگە بولغان. شۇنداق ئەھۋالدا نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر باخشىسى نەسەبىگە مەنسۇپلۇقى توغرىسىدىكى چۈشەنچە زامانداشلىرىغا ئايدىڭ بولۇپ بولغان. نەۋائىي ئالدى بىلەن ئۇيغۇر شائىرى بولۇشتىن ئىبارەت ئالدىنقى شەرت ئاستىدىلا ئاندىن «تۈركىي تىللىق خەلقلەر» دىن ئىبارەت مۇشۇ ئومۇمىيلىق ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. «تۈرك» دېگەن ئاتالغۇ قەدىمكى تۈرك خانلىقى (552 ـ 744) دەۋرىدە مىللەت نامى مەنىسىگە

① لېنىن: «دىئالېكتىكا مەسىلىلىرى توغرىسىدا» ئۇيغۇرچە نەشرى، 6 ـ 7 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ.

ئىگە بولغان بولسىمۇ، كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئاساسەن «تىل تەۋەلىكى»نى بىلدۈرىدىغان ئۇقۇمنى ئاڭلاتقان. تۈرك خانلىقى تەركىبىدە بولغان خەلقلەر ئاشۇ خانلىق پارچىلانغاندىن كېيىن دەسلەپ، ئۇيغۇر، قىرغىز، قارلۇق، تاتار، قىپچاق، ئوغۇز، تۈركمەن، باشقىرت... قاتارلىق خەلقلەر شەكىللىنىشكە باشلىغان. 9 ـ 11 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر «تۈرك» دېگەن نام ئاستىغا قايتىدىن ئۇيۇشماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن «توققۇز ئوغۇز» دېگەن نامىمۇ «تۈرك» نامى بىلەن يۇمشاق پاراللېل مۇناسىۋەتتە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. ئەمما، «توققۇز ئوغۇز» نامى بولسا «ئۇيغۇر» مىللىتىنىڭ تېخىمۇ ئېنىق مىللىي نامىغا ئايلىنىپ بولغان. بۇ باسقۇچتا قەدىمكى بىرقاتار تۈركىي تىللىق مىللەتلەر باشقا مىللەتلەرگە قېتىلىش ھېسابىغا، بەزىبىر يېڭى ئېتنىك تەركىبلەر شەكىللىنىپ چىققان. بۇنىڭ بىر كونكرېت ئىپادىسى ھېسابلانغان ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا رايونىدىن مەركىزىي ئاسىيانىڭ جەنۇبى ۋە غەربى قىسمىغا سۈرۈلۈپ، يېڭى مىللىي گەۋدە ھاسىل قىلغانلىقى، قازاق دالاسىدا قىپچاق ئومۇمىيلىقىنىڭ پارچىلىنىشتا يۇزلىنىشنىڭ مۇقەددىمىسى باشلىنىپ بولغانلىقى، تەسىرلىك ئورۇندا تۇرغان ياغما ۋە قارلۇقلار تارىخ سەھنىسىدىن غايىب بولۇشتەك قىسمەتكە دۇچ كېلىپ قالغانلىقى بىر تارىخىي ئەمەلىيەت ئىدى. دېمەك، موڭغۇللار باش كۆتۈرۈپ چىقىشنىڭ ئالدىدا تۈركىي تىللىق خەلقلەر پەقەت «نىسبىي تىل ئومۇمىيلىقى» جەھەتتىنلا «ئورتاقلىق»قا ئىگە بولغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلاردا مىللىي خاسلىق، تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئورتاقلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان ئىدى. بىرقانچە تۈركىي تىللىق خەلقلەر تېپىكرەك بولغان ئوتتۇرا ئەسىر مىللەتلىرىدىن بولۇشنىڭ شەرتلىرىنى ھازىرلاپ بولغان. بەزىلىرى بولسا ھازىرلاشقا تەمشىلىۋاتقان. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي خاسلىقى باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا بىر قەدەم ئىلگىرى ئىدى. بۇ توغرۇلۇق ئوتتۇرا ئاسىياشۇناس ئالىملارنىڭ قايىل قىلارلىق بايانلىرى بار. مەسىلەن، شەرقشۇناس ئالىم ئا. يۇ. ياكۇبوۋسكىي مۇنداق دەپ يازغان: «ئۇلار (ئۇيغۇرلار) نىڭ زور كۆپ قىسمى باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا، بۇرۇنراق تۇراقلىق دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. ئۇلار شامان دىنىنى باشقىلارغا قارىغاندا بۇرۇنراق تاشلاپ، دەسلەپ مانى دىنىنى، كېيىن بۇددىزمنى قوبۇل قىلدى. ئۆز يېزىقىنى باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا بۇرۇن يارىتىپ، جۇڭگو بىلەن ماۋەرەئۇننەھر ئارىلىقىدا ئولتۇراقلاشقان خەلقلەر ئىچىدىكى ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلقلەردىن بىرى بولۇپ قالغان».①

B. ئەلىشىر نەۋائىي «ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ» ياكى «ئۆزبېك شائىرى» دەپ تالىشىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى، ئورتاق دېسەك، ياكى تۈركىي شائىرى دېسەك بولمامدۇ؟

A. دۇنيادىكى نۇرغۇن ئۇلۇغ ئالىملار يۈكسەك ۋە زور تۆھپىلىرى بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق. بەزى ئالىملار ۋە ئۇلۇغ زاتلارنى دۇنيا مىللەتلىرى بىردەك ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلۇغ تۆھپىلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ. بۇ تارىخىي ماتېرىيالىزملىق قاراش. شۇنىسى ئېنىقكى، دۇنيادا بىرەرمۇ ئۇلۇغ زات بىرقانچە مىللەتكە ياكى ئومۇمىي مىللەتكە ئورتاق ئەرباب دەپ ئاتالمايدۇ. شەيئىلەر يەككە، قىسمەنلىكتىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. يەككە، قىسمەنلىك بولمايدىكەن، ئومۇمىيلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. مىللەت دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ يەككە ئۇيۇلمىسى. ھەرقايسى مىللەتلەر قوشۇلۇپ، بىر پۈتۈن ئىنسانىيەتنى شەكىللەندۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەرقايسى مىللەتلەر ئايرىم ـ ئايرىم ياراتقان مەدەنىيەت ھادىسىلىرى مۇجەسسەملىنىپ، دۇنيا مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن.

شەخسىي نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئومۇمەن ئىنسانلار مەدەنىيەت دۇنياسىغا قەدەم قويغاندىن

---

① ئا. يۇ. ياكۇبوۋسكىي: «10 ـ 11 ـ ئەسىرلەردىكى تۇرپان ئۇيغۇر خانلىقلىرى توغرىسىدا ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىكى مەنبەلەر»، دۆلەت ئېرمىتاژى شەرق تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى بۆلۈمىنىڭ ئەمگەكلىرى، 4 ـ توم، لېنىنگراد، 1947 ـ يىلى، 423 ـ 424 ـ بەتلەر. («ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» 1 ـ قىسىم، 372 ـ بەت، قازاقىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.)

كېيىن، شەخسلەر مۇئەييەن بىر قەۋم ـ خەلق ياكى مىللەتكە تەئەللۇق بولۇپ كەلگەن. ئوتتۇرا ئەسىر ۋە يېقىنقى زامانغا كەلگەندە تېخىمۇ شۇنداق بولغان. ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ تىلى يېقىن، كېلىپ چىقىشىدىمۇ مەلۇم ئوخشاشلىقلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ھازىرقى زامان مىللەتلىرى بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ قەدىمكى تارىخىمۇ مۇشۇ ئىككى خىل مىللەت چۈشەنچىسى بويىچە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. مۇبادا «نەۋائىي ئورتاق شائىر» دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۆزبېكلەرنىڭ تارىخىدىكى، جۈملىدىن ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان تارىخىدىكى بارلىق مەشھۇر كىشىلەرنى ئۇيغۇر مىللىتىگىمۇ ئورتاق دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا ئالىملىرىمۇ شۇنداق بولىدۇ، ئەلۋەتتە. يەنە شۇنداق قىلىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالىملىرىنى ئورتاق دەپ، ھەممە مىللەت ئۆزلىرىنىڭ تارىخىغا كىرگۈزۈۋالسا بولۇۋېرىدىغان ئىش يۈز بېرىدۇ. مۇبادا شۇنداق بولسا، بۇ بىر كۈلكىلىك، بىمەنە ئىش بولمامدۇ. تارىخنىڭ بېشىنىمۇ تاشلىۋېتىپ، ئاخىرىنىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، «موللام قاپ بەلدىن دېگەندەك» بىراۋنىڭ گۈلزارلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەلۋىلەرچە كىرىپ ئېگىز، كۆركەم، خۇش پۇراق ئېچىلغان گۈلدىن بىرىنى باۋزۇلارچە يۇلۇۋېلىپ بۇ ھەممىمىزنىڭ ئورتاق گۈلى دېيىلسە، بۇ ئۆتۈپ كەتكەن بېشەملىك، ئۆكتەملىكتىن باشقا نەرسە بولماي قالىدۇ. ئورتاق بولۇش ئۈچۈن ماكان قارىشى، زامان قارىشى ۋە ماتېرىيالىزملىق تارىخىي قارىشى، مەنتىقىي تەپەككۇر شەكلى بولۇشى، تارىخنىڭ باش ـ ئاخىرىنى تۇتاشتۇرۇپ يەكۈنلەيدىغان قاراش بولۇشى كېرەك. دۆڭگە چىقىۋېلىپ، كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، ئىككى قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ، بولۇشىغا نەرە سالسا، كىشىلەر ئۇنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالماقتا يوق، بۇ دۆڭلۈك ئەتراپىدىن تېز كېتىشنى ياكى ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن بۇ ھاماقەت بېشەمنى دۆڭدىن غۇلىتىۋېتىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ.

«تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق شائىرى» دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادا 30 نەچچە تۈركىي تىللىق خەلق بار. ئۇلار ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئۆزى ياشاپ تۇرغان جايلارنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي، جۇغراپىيىلىك مۇھىتىغا ئاساسەن شەكىللىنىپ، ئۆز ئالدىغا خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مىللەت بولۇپ كەتكەن. ئۇلار ئوخشىمىغان رايون ۋە دۆلەتلەردە ياشايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ بايان قىلىش تارىختا ۋە رېئاللىقتا دېگەندەك ماسلاشمايدۇ. مۇبادا نەۋائىي ئورتاق شائىر دېيىلىدىغان بولسا، پۈتۈن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بارلىق مەشھۇر كىشىلىرى، مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ئورتاق دېيىشكە توغرا كېلىدۇ، ۋاھالەنكى بۇنداق بولۇش مۇمكىن ئەمەس، دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇغ سىمادىن بىرىنى تىركەپلا شۇنى «ئورتاق» دەپ، باشقىلىرىنى ئورتاق ئەمەس دەيدىغان مەنتىقە بولمىسا كېرەك. لوگىكا بويىچە ياكى «ئورتاق بولۇش» ياكى «ئورتاق بولماسلىق» تىن ئىبارەت ئىككى قارىمۇ قارشى ئۇقۇمغا يول قويۇلىدۇ. بۇ خۇددى ئادەم ياكى ئەر، ياكى ئايال دېگەن ئىككى جىنسقا ئايرىلغانغا ئوخشاش.

مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى بولسا، مۇبادا نەۋائىينى ئورتاق شائىر دېيىلسە، ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولغان بولىدۇ. بەزى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر، جۈملىدىن دۇنيادىكى ئايرىم ئالىملار نەۋائىينى «ئۇيغۇر شائىرى» دەيدۇ، بۇ كۆز قاراشنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن ئاندىن، «تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرگەن ئۇلۇغ سىما» دەپ، قىسمەنلىكتىن ئومۇمىيلىققا قاراپ بۇرۇلۇپ پىكىر بايان قىلىدۇ. بۇ بىرقەدەر ئىلمىي قاراش؛ ئەپسۇسكى، ئايرىم بىرقانچە مىللەت ئالىملىرى كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، مەمەدانلىق ۋە بېشەملىك بىلەن «نەۋائىي ئۆزبېك شائىرى» دەپ، ئۇنىڭ ھەقلىق ئىگىسىنىڭ نامىنى تىلغىمۇ ئېلىپ قويماي، ئورتاق شائىر دېگەندىن سۆزمۇ ئاچمايدۇ. شىنجاڭدىكى ئايرىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ قارىشى بويىچە، شىنجاڭدا نەۋائىي ئورتاق شائىر دېيىلسە، ئايرىم دۆلەتتىكى ئاتالمىش ئالىملار «ئۆزبېك شائىرى» دېسە، بۇ ئادىللىق بولامدۇ، تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن ئىش قىلغانلىق بولامدۇ. بىز باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ قالمىسۇن، دېگەننى ئويلاپ، باشقىلار بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى زەررە ـ زەررە قىلسا بولۇۋېرىدىغان، پەس كۆڭۈللۈك خاراكتېر ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىپ قالىدىغان ئەھۋال بولۇپ قالسا كىشىلىك قىممىتىمىز بەكلا تۆۋەن، باشقىلار پەقەتلا كۆزگە ئىلمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. ئالدى بىلەن، بىز باشقىلارغا تارىخنىڭ ئەينەنلىكىنى تونۇتۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىزدە تارىخنىڭ

ئەنئەنىلىكىنى نامايان قىلىدىغان ئالاھ ۋە ھەرىكەت بولۇشى كېرەك، ئاندىن باشقىلار بۇ ئەنئەنىلىككە ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۆزىمىز ئۆز تارىخىمىزدىكى ھەقىقىي قىممەتنى گەۋدىلەندۈرەلمەي، ماداراچىلىققا يول قويساق، باشقىلار بۇ خىل ئىككىلىتاقتاق خاراكتېرىمىزدىن پايدىلىنىپ، گېزى كەلگەندە ئورتاق دەيدۇ، گېزى كەلگەندە ئۆزىنىڭ دەيدۇ، ھەقىقەتكە كۆز يۇمۇپ، باشقىلارنى كولدۇرلىتىدۇ، ھەقلىق ئىگىسىنى كۆزگە ئىلماي، ئاخىر ئۇلۇغ سىمالارنى يارىتىپ، ئالەمشۇمۇل تۆھپىلەرنى قوشقانلىق گۇناھ بولۇپ، كۆپ تۇغقان ساغلىق قىسىر قالغاندا سويۇۋېتىلگەندەك، باشقىلارنىڭ قۇربانغا ئايلىنىپ، ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە ۋايساپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ۋەھالەنكى، مىللەت ئۈچۈن دۇنيادا بۇنىڭدىن ئارتۇق ئازاب ۋە ھاقارەت بولمىسا كېرەك.

B. نەۋائىينىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى كۆپ مۇھاكىمە قىلماي، ئۇنىڭ تۆھپىلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى توغرۇلۇق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلۈشىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويساق بولمامدۇ؟

A. دەريانى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ مەنبەسىنى، بىر توپ گىياھنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ يىلتىزىنى تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مىللەتنى تەتقىق قىلىشتا ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىلىش شەرت. بىر ئادەمنى مۇكەممەل تەتقىق قىلىش ئۈچۈن چوقۇم ئۇنىڭ نەسەبىنى بىلمەي بولمايدۇ. بۇ خۇددى ئۆيگە كىرىش ئۈچۈن چوقۇم ئىشىكتىن كىرگىنىمىزگە ئوخشاش. نەۋائىينى بىلىش ئۈچۈن چوقۇم ئۇنىڭ مىللىي تەۋەلىكىنى ئالدى بىلەن مۇھاكىمىگە قويۇپ، ئاندىن باشقىلار توغرىسىدا سۆز باشلاش بۇ ئەقەللىي ئۇقۇم. قەدىمدىن ھازىرغىچە دۇنيادىكى ھەممە بۈيۈكلەر توغرىسىدىكى بايانلارمۇ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قايسى مىللەتكە تەۋەلىكىنى ئايرىغاندىن كېيىن باشلىنىدۇ. بەك مۇرەككەپ، ئېلىشمان بولغانلىرى بولسا ئايرىم ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مىللەت كېلىپ چىقىشىدا تارىختىن بۇيان مۇجمەل ھادىسە بولغان ئەمەس، بۇ جەھەتتىكى مۇجمەللىك پەقەت 1950 - يىللاردىن كېيىن رەسمىي باشلانغان. ئۇ چاغدا باشلانغاندىمۇ توغرا ئىدىيە، توغرا ئىلمىي قاراش بويىچە ئەمەس، بەلكى تۇتەك ئىچىدە ئېلىشمانچىلىق پەيدا قىلىش، زورۇقۇش، بېشەملىك قىلىش بىلەن باشلانغان. يالغاندىن تارىخ ياساش، ئۆكتەملىك بىلەن قۇرۇق نەزەرىيە سېتىش، كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، ساختا مۇقام تۇۋلاۋەرسە، بىر گەپ بولىدۇ، دەپ قارالغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگونىڭ مۇقەددەس مۇناسىۋىتى تەسىرگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەلگەن. ئۆزبېكىستاندا شۇ يىللاردا نەۋائىي «ئۆزبېك شائىرى» دېگەن كۆز قاراش ئويدۇرۇلۇپ چىقىرىلغاندا، ئۇ يەردە بەزىلەر باشقىچە پىكىردە بولغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغانلىق ئەھۋالى شىنجاڭدا سەلبىي تەسىر پەيدا قىلغان. شىنجاڭدىكى ئايرىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۆزى ئۈركۈپ، ھۆكۈمەتكە توغرا، ئەينەن تارىخنى مەلۇم قىلماي، سۈكۈت قىلىپ تۇرغان. «نەۋائىينى ئۇيغۇر دېيىشكە بولمايدۇ» دەپ ھۆكۈمەت نامىدىن ھۆججەت چۈشۈپ قالارمىكىن، دېگەن تەئەججۈپ بىلەن ئورالغان ئۈمىد ئىچىدە ياكى خاتىرجەم بولۇشنى ياكى دەككە - دۈككىگە چۈشۈشنى بىلەلمەي ئۇزۇن يىللارنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن. 1957 - يىلى ئىيۇننىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىدە چاقىرىلغان ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك يىغىنىدا مەرھۇم جامائەت ئەربابى، شائىر ئەھمەد زىيائى «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قەدىملىكى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدىغانلىرىمىز» دېگەن تېمىدا دوكلات قىلىپ، نەۋائىينى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى قاتارىدا تىلغا ئالغانلىقى ئۈچۈن «ئەزىز مېھمانلار» دەپ چاقىرىلغان ئۆزبېكىستان ۋەكىللەر ئۆمىكى يىغىندىن چىقىپ كەتمەكچى ۋە ئۆز دۆلىتىگە قايتماقچى بولۇپ باتنىغان. بۇنداق راستنى يالغان دەيدىغان پوزىتسىيە كېيىنكى نۇرغۇن ئىشلارغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. بولۇپمۇ 1960 - يىللاردىن باشلاپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئېلىمىز جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇرەككەپ مۇناسىۋەت، ئېلىمىزدە بىرقانچە قېتىم ئېلىپ بېرىلغان «سول» چىللىق، «ئوڭ» چىللىققا قارشى ھەم يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەتلەر، جۇڭگودا ئەلىشىر نەۋائىي تەتقىقاتىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزۈلمىدى. ئۆزبېكىستاندا كەڭ بازار تېپىۋاتقان نەۋائىينىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدىكى «ساختا نەزەرىيە» گە تېگىشلىك زەربە بېرىلمىدى. 1980 - يىللاردىن باشلاپ، شىنجاڭدا نەۋائىيشۇناسلىق تەتقىقاتى يامان ئەمەس تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ھەم نەۋائىينىڭ «ئۇيغۇر شائىرى» ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تارىخىي پاكىتلار تەكرار - تەكرار ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنى

ئۆزبېكىستاندىكى كەسپداشلار ئاڭلىدىمۇ ـ ئاڭلىمىدىمۇ، بۇنىڭغا دىققەت قىلىدىغان ئادەم بەك ئاز بولدى. نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر شائىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، ئېلىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ دىققىتىنى قوزغاش پەيتى پىشىپ يېتىلىۋاتقان چاغلاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، 1990 ـ يىلى ئۆزبېكىستان مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى. دۆلىتىمىز ئالدىراپ، ئۆزبېكىستان قاتارلىق يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى. شۇ يىللاردىن باشلاپ يەنە شىنجاڭدىن بىر تۈركۈم مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۆزبېكىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە چىقىۋېلىپ، جۇڭگوغا قارشى ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. بۇلار ئەسلىدىنلا مۇرەككەپ، نازۇك بولغان جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بارغانسېرى جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بۇ خىل ۋەزىيەتنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، دۆلەت مۇناسىۋىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، نەۋائىينىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى يەنىمۇ ئوچۇقلاشتۇرىمىز دەپ، دۆلىتىمىزنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان ئىشلارنى قىلماي، پۇرسەت كۈتتى. ئەمما، ئۆزبېكىستان مۇستەقىل دۆلەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئايرىم مەسىلىلەردە نوقۇل ئۆز مىللىتىنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆزلىگەن بولغاچقا، باشقا بەزى مىللەتنىڭ كۆڭلىنى ئازراقمۇ ئاياپ قويمىدى، تارىخقا بىرئازمۇ نەزەر سېلىپ باقمىدى. دۇنيا ئىلىم ئەھلىنىڭ قارشى قاناداق، دېگەنلەرگە دىققەت قىلىپمۇ قويمىدى. قىسقىسى، ئۇيغۇر خەلقى تارىخ سەھنىسىگە چىقىرىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، كەمسىندۈرۈلۈش قىسمىتىگە دۇچ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ شائىرى بولغان نەۋائىي ئۆز ئىگىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىش سالاھىيىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالدى. بۈگۈنكى دۇنيادا ناھەقچىلىق بار دېيىلسە، بىر ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرىنىڭ «ئۆزبېك شائىرى» دېيىلىپ، ھەقىقەت ساختىلاشتۇرۇۋېتىلىۋاتقانلىقى ئەڭ چوڭ ناھەقچىلىك ھېسابلىنىشى كېرەك. مۇبادا شارائىت پىشىپ يېتىلسە، نەۋائىينىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى ئايرىش توغرىسىدا ئۇيغۇر خەلقى گائاگا خەلقئارا سوتىغا ئەرز قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە. ئەھۋال مۇشۇنداق ئىكەن، نەۋائىي توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلماقچى بولۇنسا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدا گەپ باشلاش ھەرگىز ئوشۇقچە ئىش ئەمەس، بەلكى ھەققانىي، يوللۇق، توغرا، ئىلمىي ئۇسۇل.

B . ئۆزبېكىستاندىكى ئۆزبېك كەسپداشلار ئەلىشىر نەۋائىي توغرىسىدا بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن بۇرۇنراق ئىش باشلاپ، كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، جۈملىدىن بۈگۈنكى زامان ئىلىم دۇنياسىدا نەۋائىينى تونۇتۇشتا ئۆزبېكىستان زىيالىيلىرىنىڭ تۆھپىسى چوڭ. شۇڭا ئۇلارنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى ئەمگىكىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ بولسىمۇ، نەۋائىينى ئالدىراپ ئۇيغۇر دېمىسەك، ياكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك شائىرى دېسەك بولماسمۇ؟

A . بىر مىللەتنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىنى يەنە بىر مىللەتنىڭ ئالىملىرى تەتقىق قىلىشى، ئۇنى دۇنيا ئىلىم ساھەسىگە ئېلىپ چىقىشى دۇنيا تارىخىدا بولۇپ تۇرىدىغان نورمال ھادىسە. دۇڭخۇاڭدىكى نۇم ـ بىتىكلەر غارىنى جۇڭگو ئاجىز بىر چاغدا دەسلەپ غەربلىك ئەجنەبىيلەر بايقاپ، نۇرغۇن ھۆججەتلەرنى ئوغرىلاپ، ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ چىقىپ، كۇتۇپخانا، ئاكادېمىيىلىرىگە قويۇۋالغان. بەزىلەر بۇ ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىپ ئالىم، پروفېسسور، دوكتور بولۇپ كېتىشتى. شۇنداق قىلىپ دۇنيا «دۇڭخۇاڭشۇناسلىق» نى غەربلىكلەر بەرپا قىلغان بولدى. شىنجاڭدىكى تۇرپان، كۇچا قاتارلىق جايلاردىنمۇ كۆپلىگەن ھۆججەتلەر 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدە غەرب ئەجنەبىيلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن. بۇلارنىمۇ نۇرغۇن مۇتەخەسسىس، ئالىملار تەتقىق قىلغان. گېرمانىيىلىك گابائىن خانىمنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ بىر ئۆمۈر تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئۆتكەن. ۋاھالەنكى مەيلى دۇڭخۇاڭدىن ئېلىپ كېتىلگەن خەنزۇچە ھۆججەتلەر بولسۇن، مەيلى شىنجاڭدىن ئېلىپ كېتىلگەن ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر بولسۇن بۇلارنى تەتقىق قىلغان غەرب ئالىملىرى ئۇلارنى ئالدى بىلەن خەنزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق شەرق مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى دەپ تەتقىق قىلدى. ئۇلارنى قانچە تەتقىق قىلسىمۇ، بۇ مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرىغا قانچە مەپتۇن بولسىمۇ، ئەمما ھېچقاچان ئۇلارنى ئۆزى مەنسۇپ بولغان مىللەتكە (مەسىلەن، نېمىسلار، فرانسۇزلار، ئېنگلىزلار . . . ) ياكى دۆلەتكە (مەسىلەن، گېرمانىيە، فرانسىـ

يە، ئەنگلىيە) تەۋە دېيەلمىدى، بۇلاردىن باشقا دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىدىكى ساقلانغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى باشقا مىللەت ئالىملىرى ھەر خىل مەقسەت، ھەر خىل مۇددىئا بىلەن تەتقىق قىلىدۇ. ئەمما ھەرگىز ئۇلارنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم ئۆزى مەنسۇپ بولغان مىللەتكە تەۋە قىلىۋالمايدۇ. تەۋە قىلىۋالىدىغانلار بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما بۇنداقلارنى دۇنيا ئىلىم ئەھلى ئالىم دەپ ئېتىراپ قىلمايدۇ. دېمەك، دۇنيادا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگىچە، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى يەنە بىر مىللەت ئالىملىرى ئالدى بىلەن تەتقىق قىلسا ياكى كۆپ تەتقىق قىلىپ، دۇنياغا تونۇشتۇرسا شۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى شۇ مىللەتكە تەۋە بولىدۇ، دەيدىغان مەنتىقە بارلىققا كەلمىدى. ئۆزبېكلەرنىڭ نەۋائىينى تەتقىق قىلىشى پەقەت ئىلىم نۇقتىسىدىن قىلىنغانلا ئىش بولۇپ، تەۋەلىك چۈشەنچىسى بىلەن سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى يوق.

B. بۈگۈنكى زامان شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەتقىقات كۈچى ئۆزبېكىستاندىكى كەسپداشلارغا يەتمەيدۇ. ئالدى بىلەن تەتقىقات سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش زۆرۈر، بۇ ئىشتا ئالدىراپ كەتمەي، پۇرسەتنىڭ، شەرت ـ شارائىتنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى كۈتۈش لازىممۇ ـ قانداق؟

A. بۈگۈنكى زامان نەۋائىيشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئۆزبېكىستاندىكى كەسپداشلار بىلەن شىنجاڭدىكى نەۋائىي تەتقىقاتىغا قىزىققۇچىلارنىڭ تەتقىقات سەۋىيىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا كەلسەك، بۇ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلاپ، سوۋېت دۆلىتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مىللىي مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇلارنى تەتقىق قىلىش ئىشى قولغا ئېلىنغان. بولۇپمۇ سوۋېت ۋەتەن ئۇرۇشىدىن كېيىن بۇ ئىشتا يەنىمۇ ئىلگىرىلەش بولغان. 1950 ـ يىللاردىن كېيىن ئۆزبېكىستاندا نەۋائىيشۇناسلىق تەتقىقاتى ئالاھىدە چوڭ تۇتۇلغان ھەم ھازىرغىچە ئىزچىل راۋاجلىنىپ كەلگەن. 1990 ـ يىللاردىن كېيىن ئۆزبېكىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشى بىلەن نەۋائىيشۇناسلىق، ئايرىم ئەھۋالنى ھېسابقا ئالمىغاندا تېز تەرەققىي قىلدى. دېمەك، ئۆزبېكىستاندا نەۋائىيشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن پايدىلىق ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىلغان، تارىخىي شەرت ـ شارائىت پىشىپ يېتىلگەن. ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئېلىپ ئېيتساق، شىنخەي ئىنقىلابىدىن تارتىپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا، شىنجاڭدا جىن شۇرېن، ياڭ زېڭشىن، شېڭ شىسەي قاتارلىق ئەكسىيەتچى مىلىتارىستلار خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئويغىنىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشىغا زادىلا يول قويمىدى. 1943 ـ يىلى جاللات شېڭ شىسەي نەنجىڭگە يولغا سېلىنىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۆزىنىڭ مۇستەبىت سىياسىتىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشى تولىمۇ بەسى ـ مۇشكۇل ئىش بولۇپ قالغان. 1949 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر جۇڭگودىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن. جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پارلاق مىللىي سىياسىتىنىڭ نۇرى ئاستىدا ئۇيغۇرلار «12 مۇقام» غا ئوخشاش دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىشتەك ئۇلۇغ خىزمەتنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئادەم كۈچى ۋە مالىيە كۈچى جەھەتتە، تېخى قالاق ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقان ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، نەۋائىي قاتارلىق مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە يىغىش، ئاشكارا نەشر قىلىش، چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان. ئەمما، شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىدىن 1950 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە نۇرغۇن قولىيازما ھۆججەتلەر قاتارىدا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىمۇ دۆلەت تەشكىللىگەن ۋە مەبلەغ ئاجراتقان ئىلمىي خادىملار تەرىپىدىن يىغىپ توپلىنىپ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنگەن، بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھازىر ئۈرۈمچى، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردىكى مەدەنىيەت ۋە ئىلمىي ئورگانلاردا ئەتىۋارلىنىپ ساقلانماقتا. 1957 ـ يىلى ئېلىمىزدە باشلانغان «سول» چىللىققا قارشى ھەرىكەتتە قەدىمكى مەدەنىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ناھەق خاتا ھەرىكەت دەپ قارىلىپ، ئىنكار قىلىنىۋېتىلگەن. تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغانلار قارىلىنىپ، دەشنام يېگەن. «سول» چىللىقتىن كېيىن، «ئوڭ» چىللىققا قارشى ھەرىكەت بولغان. 1962 ـ 1965 ـ يىللىرىغىچە بولغان بىرقانچە يىل ئىچىدە جۇڭگودا

ئىدىيە جەھەتتە بەلگىلىك ئازادلىق بولغان، قەدىمكى مەدەنىي مىراسلار توغرۇلۇق ئىخىز ئىچىشلار يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇمۇ ئۇزۇن داۋام قىلالمىغان. جۇڭگو تۇپرىقىدا 1966 ـ 1976 ـ يىلىغىچە بولغان 10 يىل ئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى بولۇپ، جەمئىيەت تولىمۇ مالىماتاڭ بولۇپ كەتكەن، ھەممە ئادەم جان قايغۇسىغا چۈشۈپ قىلىپ، «مەدەنىي مىراس» دېگەنلەرنى ئويلايدىغان ئادەم بولمىغان ياكى ئويلىسىمۇ، ئۇيىنى باشقىلارغا دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىغان. 1978 ـ يىلى ج ك پ مەملىكەتلىك 11 ـ قۇرۇلتىيى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، جۇڭگودا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىسلاھات يولغا قويۇلۇپ، ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولۇشنىڭ مۇقەددىمىسى باشلانغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغىچە، باشقا مىللەتلەر قاتارىدا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى مەدەنىي مىراسلىرى توغرىسىدا يۈرەكلىك ئىزدىنىش ئېلىپ بارالايدىغان، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئاشكارا مەتبۇئاتتا ئېلان قىلالايدىغان بولدى. جۈملىدىن ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى، ئەسەرلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىمۇ ئاستا ـ ئاستا سالماق، ئەمما پۇختا قەدەملەر بىلەن تەرەققىي قىلىپ باردى. 20 نەچچە يىل مابەينىدە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى يېڭى دەۋر مەتبۇئات ساھەسىدە ئېلان قىلىنىپ، كەڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى، جۈملىدىن جۇڭگودىكى ئەلىشىر نەۋائىيغا قىزىققۇچى كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە سۇنۇلدى. يۈز پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە يېزىلىپ ۋە ئەسەرلىرىدىن ئۆرنەكلەر 1980 ـ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر تىلىدا تۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي تېخنىكوم، دارىلمۇئەللىمىن ھەم ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرى سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا تۈزۈلگەن قامۇسلارغا نەۋائىي توغرىسىدىكى ماددىلار كىرگۈزۈلدى. ئەلىشىر نەۋائىي توغرىسىدا مەخسۇس كىتابلار يېزىلىپ، نەشر قىلىندى. بىرقانچە رەت خاتىرىلەش يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى. ئومۇمەن، نەۋائىيشۇناسلىق پەنى نەۋائىي ۋاپات بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي، شىنجاڭدا باشلانغان بولۇپ، مىنگو دەۋرى (1911 ـ 1949) دىكى قىسمەن ئۇزۇكچىلىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۈزۈندىسىز يەنە ئەسلى ھالىتىنى قايتىدىن نامايان قىلىپ، تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى جامائەتچىلىككە كۆرسىتىپ قويدى. مانا بۇلار، بۈگۈنكى دەۋردە جۇڭگودا، جۈملىدىن شىنجاڭدا نەۋائىيشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ھەرگىز پاسسىپ ئورۇندا تۇرمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن نۇرغۇن زىيالىيلارنىڭ قان ـ تەر ئاققۇزغانلىقىنى، ئىلمىي ئورگانلارنىڭ ھەمدەمدە بولغانلىقىنى، ھۆكۈمەتنىڭ يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەنلىكى، ھەتتا كۆپلەپ مەبلەغ ئاجرىتىپ بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز تارىخىي سەرگۈزەشتلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن بەزىلىرى خېلى ئۇزۇن مەزگىللىكچە، ئۆز مەدەنىي مىراسلىرىغا ئوڭۇشلۇق ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ جەزبىدارلىقىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ، خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا نامايىش قىلالايدۇ، بەزىلىرى مۇنداق ئىمكانىيەتكە كېيىنرەك مۇيەسسەر بولىدۇ. مەيلى ئىلگىرى ئىش باشلىغانلار بولسۇن، مەيلى كېيىن قول تەۋرەتكەنلەر بولسۇن، ئۇلار ئۆز ئەجدادلىرى ياراتقان مەدەنىيەت ھادىسىلىرى، ئۇلۇغ سىمالاردىن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق، ئۇلار شۇ مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەقلىق ئىگىلىرى، ئۆز مەدەنىيىتىنى ئۆزى كېيىنرەك تەتقىق قىلىپ، قىممىتىنى كېيىنرەك تونۇسا، ئۇنىڭغا بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدىن نېسىۋە ئاشمايدىغان، باشقىلار كۆپرەك تەتقىق قىلسا، شۇلارنىڭ بولىدىغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ھازىرغىچە دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەس. مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان كۈچ ھازىرچە يېتىشىپ چىقمىدى، دەپ، ئۇلارنى كۈچى بارلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان پۇتبول مەيدانىدىكى پۇتبول قىلىۋېلىنسا تارىخ ھاقارەتلىنىدۇ، ئەجدادلار روھى قۇۋۇنىدۇ.

مۇئەللىپ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى دوتسېنتى

# ئۇيغۇر تېبابىتى ۋە يۇسۇپ هاجىم كاشغەرى

مۇھەممەت ئوسمان هاجىم

(بېشى 2 ـ ساندا)

## I دورا ـ دەرمەك تېرىشقا ياردەملىـ شىش ئۈچۈن

قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى
«قىزىل دۆۋە» دېگەن يېزىنىڭ «جالا مەھەللىسى»
دە بوۋامدىن مىراس بولۇپ قالغان ئون مو چامىدا
دىكى بېغىمىز بار ئىدى . داداملار بۇ يەرگە ھەر
يىلى كۆكتات ۋە دورا ـ دەرمەك تېرىيتتى ھەمدە
ئۇلارنى يۇسۇپ هاجىم كاشغەرى ۋە ئىنىسى مامۇد
ئاخۇن ئاكام «ئۇلاي» لارنىڭ تېبابەتچىلىكتە لازىم
قىلىنىشى ئۈچۈن يەتكۈزۈپ بېرەتتى . «مىڭ دىۋانە» ،
«يالپۇز» ، «ئەپيۇنگۈل» ، «لالە» ، «ئابدىمىدـ
لىك» ، «سېمىز ئوت» ، «سېرىق چېچەك» ،
«ئىگىر» ، «قىزىل گۈل» ، «ئابدىيان» ، «نۇـ
قۇت» ، «زىرە» قاتارلىق يەرلىك دورا ئۆسۈملۈكـ
لىرىنى تېرىپ ، ئۇرۇقى ، يوپۇرمىقى ۋە يىلتىزلىـ
رىنى يىل پەسلىنىڭ «سۇمبۇل» (ئاۋغۇست) ،
«مىزان» (سېنتەبىر) ، «ئەقرەب» (ئۆكتەبىر)
ۋە «قەدۇس» (نويابىر) مەۋسۇملىرىنىڭ «تەيىنـ
لەنگەن كۈنلىرى» دە يەتكۈزۈپ بەرگەندىن تاشقىـ
رى بېغىمىزدا بار بولغان بېھى چېچىكى ، نان
جىگدە چېچىكى ، شاپتۇل چېچىكى قاتارلىق چېـ
چەكلەرنى ، «ئەرمۇدۇن ئۇرۇقى» ، كۆل چۆرىسىـ
دە بولغان «ئىگىر يىلتىزلىرى» ، «ئاق لەيلى
يىلتىزى» ، ئۈزۈم دەرىخىنىڭ سۈيى ، ھۆل ۋە
قۇرۇق «ئەمەن» ئوتى ، ئىت ئۈزۈمى ، ئالك ئۇرۇـ
قى ، قارا سۆگەت چۈجىسى ، بودە سويىمىسى ، بۇيا
ئۇرۇقلىرىنىمۇ تېرىپ ، تېپىپ يەتكۈزۈپ بېرەتـ
تۇق .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا باغقا گۈل ئۇلاش ئۈچۈن
قويۇلغان «جىغان» دەرەخلىرىنىڭ «چېچەك» ۋە
«مونچاق» لىرىنىمۇ تېپىپ بېرىشنى يۇسۇپھاجىم
ئالاھىدە تاپىلىدى .

مەن جىغاننى دورا قىلىشقا بولامدۇ؟ دەپ
سورىسام :

— جىغاننىڭ ئۇرۇقىدىن ئېلىنغان «ماي»
دائىم ھېرىش ، چارچاش ھېس قىلىدىغان بولۇپ
قالغان ئىللەتلەرگە داۋا بولىدۇ . جىغان قوۋزىـ
قى بىلەن «كاشكاپ» قىلىپ بېرىلگەندە «سەرـ
تان» ئىللىتىگە (دەسلەپكى چاغلىرىدا) داۋا بوـ
لىدۇ ، — دېدى .

بىزلەر يەتكۈزۈپ بەرگەن دورا ئۆسۈملۈكلىـ
رى بەدىلى ئۈچۈن يۇسۇپ هاجىملار ئائىلىمىزدىـ
كىلەرنىڭ قانداق خەستەلىكى بولسا ، پۇل ئالماي
دورا بېرىپ داۋالايتتى . دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېـ
رىپ تېپىشتۇرۇپ بەرگەن ئەجرىمىز ئۈچۈن داداملار
ھەق تەلەپ قىلمايتتى .

يۇسۇپھاجىم باھار پەسلىدە بېغىمىزغا چىقـ
قان ۋاقىتلىرىدا يۇمىلاق قىزىل تورۇپنى ئېتىز
بېشىدا ئولتۇرۇپ سويۇپ جىق يەيتتى . كۆز تەرەپـ
تە بولسا ، پىشقان «ئىت ئۈزۈمى» نى تەردۈرۈپ
پاكىز يۇيۇپ ئۇنىمۇ يەيتتى . مېۋىلەردىن «چېقىر
ئۈجمە» ، «ئاق ئۈجمە» ، «شاتۇت» نى ، بولۇپمۇ
«چېقىر ئۈجمە» نى ياخشى كۆرۈپ ئىشتىها بىلەن
يەيتتى ، سەۋەبلىرىنى سورىسام :

— بۇ مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى يۇرتىمىزـ
دىن چىققىنى ئۈچۈن قەدرى يوق ، ئۇلار ئېسىل
دورىلاردۇر . چۈنكى ، قەشقەردە كۆپ ئىللەتلەر
ئۈجمە پىشقاندىن كېيىن ساقىيىشقا باشلايدۇ .
سەۋەبى قەشقەر تۇپرىقىنىڭ تەركىبىدە «شور»
كۆپ بولغىنى ئۈچۈن ھاۋاسى قۇرغاق كېلىدۇ ،
شۇڭا كىشىلىرىمىز مېۋىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ ،
«يەل ـ يېمىش ، ئېرىس ، ياغ يېمىش» ھەممە
ئىللەتلەرگە داۋا بولىدۇ ، دەپ قارايدۇ . بۇ توغرا
ۋە جايىدا يۇرگۈزۈلگەن پاراسەتتۇر ، — دېدى .

## II دوستلۇق ۋە يارنامە بولسۇن ئۈچۈن

بىزنىڭ ئائىلىمىزنىڭ «ئۇلاي» لار ئائىلىسى
بىلەن بولغان رابىتىسى ئۈزۈندىن بار بولۇپ ، بۇـ
لارنىڭ مۇناسىۋىتى قەشقەر ، ئاقسۇ ھەم ھەج سەـ
پەرلىرىدە سىنالغان ئىكەن .

يۇسۇپ هاجىمنىڭ زىيادە ئاق كۆڭۈل ۋە سادـ

دا ئادەم ئىكەنلىكىنى بىرىنچى تۇرمۇشىدىشى (ئەھلى بەيتى) مۆھتەرەم خان ئاچام ئانامغا مۇنداق ھېكايە قىلىپ بەرگەن:

— مەن ھاجىم بىلەن يېڭى تۇرمۇش قۇرغان شېرىن كۈنلىرىمىزنىڭ بىرىدە، ھاجىم تالادىن يېڭى مايسەن ئۆرۈك ئېلىپ كۆتۈرۈپ كىرگەن ئىدى. مەن كۆڭلۈمدىكىنى تاپتى دەپ خىيال قىلىپ، قولىدىن ئۆرۈكنى ئالغۇچە ناز قىلىپ كۆزۈمنى ئىرغىتىپ جىلۋە قىلسام، يۈسۈپ ھاجىم سادىدىلىقىدىن چاندۇرۇپ (قېيىنانامغا) ئانىمىزغا: «ئانا! مۆھتەرەمنىڭ قورسىقى ئېچىپ كېتىپتۇ، ئاش بەرمىگەن ئوخشايلا، ئۇنىڭغا ئاش بەرسىلە، دەپ سۆزۈۋاتقان لەخمەنگە ئىما قىلغان ئىدى» دېگەن.

مەزكۇر يولدىشى مۆھتەرەم خان ئاچام ھامىلىدار بولۇپ كۆزى يورۇغان چاغدا، يۈسۈپھاجىم تۇغۇلغان ئوغلىغا نېمە دەپ ئىسىم قويۇش ھەققىدە دادامنىڭ قېشىغا مەسلىھەتكە كەپتۇ. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قائىدىسى بويىچە مۇقەددەس كىتاب «قۇرئان كېرىم» نى ئېچىپ يەتتە ۋاراق ئۆرۈپ، يەتتە خەت ساناپ، يەتتىنچى خەتنىڭ باش ھەرپىنىڭ «م» ئىكەنلىكىنى كۆرگەندە، مۇھەممەد ئوسمان دەپ ئات قويۇشقا بىرلىككە كېلىشكەن. مۇبادا مېنىڭ ھامىلىدار ئانام ئايخان كۆزى يورۇپ ئوغۇل تۇغسا ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ ۋەدىلەشكەن بويىچە مۇھەممەد ئوسمان قويۇشقا توختام قىلىشقاندىن كېيىن شۇ كۈنى تۇغۇلغان ماڭىمۇ شۇ ئىسىمنى قويغان ئىكەن. بۇ مۇبارەك ئىسىم ئىككى قەدىناس دوستنىڭ ۋەدە-خاتىرىسىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، كېيىن بىزلەر چوڭ بولغاندىن كېيىن ئاتىلىرىمىز ئاخىرقى ئۆمرىگە قەدەر داۋام قىلىپ كەلگەن «مەشرەپ» لىرىگە قاتناشتۇرۇپ ۋەسىيەت ئورنىدا «سىلەر بىزدىن كېيىنمۇ ‹بۇرادەر›، لېكىنى مەڭگۈ ئۈزۈپ قويماي ‹ئىتتىپاق›، ئۆتۈڭلار!» دېگەن ۋەسىيەتلىرىنى ئۇنۇتقانلىقىمىز ئۈچۈن ھەر ئىككىمىز تۇرمۇشتا دىشۋارچىلىق ۋە خار - زەبۇنلۇقلارغا دۇچار بولدۇق.

## IV «مۇبارەك سەپەر» خاتىرىلىرى

قەشقەر شەھىرىدىن 1907 - يىللىرى قادىر ھاجىم، يۈسۈپ ھاجىم «ئۇلاي»، تۇردىھاجىم ئۇزۇن ۋە دادام سىدىق ھاجىملار «ھەج» قىلىش ئۈچۈن «ئەركەشتام» ئارقىلىق غەربىي تۈركىستانغا بارغان، كېيىن تاشكەنتتىن قىرىم ئارىلىدىكى سېۋاستوپولغىچە پويىز بىلەن، ئاندىن قارا دېڭىز، مەرمەر دېڭىزى، ئادرىئاتىك دېڭىزى، ئوتتۇرا يەر دېڭىزلىرى، سۈۋەيش قانىلى ۋە قىزىل دېڭىزلار بىلەن دەسلەپ مىسىر قارىمىقىدىكى «ئىسكەندەرىيە»گە، كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستان قارىمىقىدىكى «جىددە» پورتىغىچە پاراخوت بىلەن بارغان.

يول ئۈستىدە كۆرگەن خاتىرىلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى بولغان مەككە شەھىرىدىكى «بەيتۇللا» ئاتالغان مەسىبىرى مۇبارەك ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى «ھەجىرىد ئەسۋەت»، «ماقامى ئىبراھىم»، «زەمزەم قۇدۇقى»، «ساپا - مەرۋى»، «غارى - ھىدا»، «مۇز تەلخە»، «جەبلى نۇر»، «مەسسىدى جىن»... قاتارلىق زىيارەت قىلىنىدىغان ئورۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ قىسقىچە خاتىرە تارىخلىرى، مەككە شەھىرىنىڭ ۋە «بەيتۇللا» نىڭ ئەھيا بولۇشىغا بائىس بولغان ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قىسقىچە تارىخلىرى، ئۇنىڭدىن كېيىن «بەھرى ئەھمەر» (قىزىل دېڭىز) ساھىلىنى بويلاپ، بىدىھۇل (كۆچمەن چارۋىچى) لەرنىڭ تۆگىلىرىگە بېكىتىلگەن «شىۋىلىك» دېيىلگەن چېدىرلاردا ئولتۇرۇپ، ئەسلى كىرادىن تاشقىرى يەنە ھەر كۈنلۈكى كارۋان بېشىغا «بەخشىش» تۆلەپ تۆگە بىلەن ئون نەچچە كۈن يول يۈرۈپ دەسلەپ «مەسجىدى قۇبا»غا، كېيىن «يەسرەب شەھىرى» (ھازىرقى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرى) گە بېرىپ «رەۋزەئى مۇتەھھەرى»گە دۇئا ۋە سالام بېرىپ، كېيىن «مەسجىدى قىبلە پەيىن»، «جەننەتۇل بەقى»، «مەسجىدى قۇبا»، «ئۇھۇت» ۋە «بەدرى» قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىنكى خاتىرىلىرىنى ئەسلەپ، يازغان يۈسۈپ ھاجىمنىڭ «سەپەرنامە» دېيىلگەن ئەسىرىنىڭ تاش مەتبەئەدە تاشكەنتتە بېسىلغان 70 ـ 80 بەتلىك نۇسخىسىنى دادام سىدىق ھاجىمنىڭ تەۋسىيىسى بويىچە ئوقۇپ چىققان ئىدىم.

يۈسۈپ ھاجىم بىلەن بولغان يەنە بىر كۈندىكى سۆھبەتتىن ئۇقۇشۇمچە:

يۈسۈپ ھاجىملارنىڭ ئىسكەندىرىيە پورتىغا كىرگەن كۈنلىرىدە ئۇ يەردىكى مەمۇرلار مۇسۇلمان يولۇچىلارنى «كېسەل» (خولېرا) بار دەپ كارانتىن (دېزىنفېكسىيە) قىلماق بولۇپ، بىر قوملۇق ئارالدىكى سىم توساق ئىچىگە قاماپ قويغاندىن كېيىن مەمۇرلار روسىيە پۇقرالىرىغا ئىمتىيازلىق بېرىپ ئۇلارنى كارانتىن قىلمىغاندىن تاشقىرى سىلەرمۇ روسىيىلىكمۇ دەپ سورالغاندا

يۇسۇپ ھاجىم : بىز چىن يۇقراسى ، ھەرگىزمۇ روسىيە يۇقراسى بولمايمىز ۋە ئەمەس دەپ قەشقەردىن بىللە بارغان سەپەرداشلىرىنى مەھكەم تۇرۇۋشقا دالالەت قىلغان ، بەزىلەر روسىيە يۇقراسى دېسەك كارانتىندىن قۇتۇلۇپ قالىدىكەنمىز دېسە ، ھاجىملار باشلامچى بولۇپ بىز ئۆلسەكمۇ ئۆز تەۋەلىكىمىزدە ئۆلىمىز ، ئانىمىز بىزنى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان ، دېيىشىپ ۋەتەن يۇقرالىقىغا داغ تەگكۈزمىگەن . ئەمما بۇلارنى سىم توساق ئىچىدە ئۈچ كۈن تورغۇزغاندىن كېيىن مەزكۇر چىن ھاجىلىرىنى بەدىنىدىكى قىپيالىڭاچ قىلىپ يۇرۇۋغقا (دېزىنفېكسىيە بولسا كېرەك ) قاقلاپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن كىيىم ـ كېچەك ، خۇرجۇن ـ قاچىلىرىمىزنى يۇرۇۋغقا تۇتتى ، ئۇنىڭدىن كېيىن كىيىپ بارغان مەسە ، ئۆتۈك ، جۇۋىلىرىمىز قورۇلۇپ ، يۇت ۋە ئۇچىمىزغا پاتمايدىغان بولۇپ قالغانىدىمۇ ئۆز غۇرۇرىمىزنى ساقلىدۇق . ھەتتا ئۇلار ھۆل ۋە قورۇلۇپ قالغان كىيىملىرىنى كىيىۋاتقان چېغىدا «سۇۋەيش» تەرەپتىن بىرىتانىيە كارولىنىڭ بايرىقى ئېسىلغان پاراخوت كەلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ يەردىكى مەمۇرلار پاراخوتتىكى كىشى ۋە ياكى ئەھۋاللارنىڭ ھېچبىرىنى كارانتىنمۇ قىلماي بىر ئاز توختىتىپلا يولغا سېلىۋەتكەن ئىكەن . يۇسۇپ ھاجىم :

— مەن بۇ ناتوغرا تەڭسىز ئىشلارنى كۆرگەندىن كېيىن ، ئەنگلىيە ۋە ئۇنىڭ ھامىيلىقىدىكى مىسىر سىياسەتلىرىنىڭ ساختا ـ ئادالەتسىز ۋە يول ئېلىش ئۈچۈن قۇرغان «تۇزاق» لىقىنى ھېس قىلدىم ـ دە ، قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ئەرەب تىلىدا «خولىرا چىن مۇسۇلمانلىرىدىمۇ ؟» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ئەشئار يېزىپ «ئەل ئېھرام» گېزىتىگە بەرگەن ئىدىم — دەپ سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدى .

يۇقىرىدىكىلەرگە نەزەر سالغاندا ، يۇسۇپھاجىم كاشغەرى ھۆكۈما (تېۋىپ ) بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ۋەتەنپەرۋەر تارىخچى ، ئەدىب ۋە شائىردۇر .

## V ئەل بىلەن كەلگەن ئۆلۈم ـ بەجايىكى توي

1928 ـ يىللىرى فېۋرال ، مارت ئايلىرىدا قەشقەر شەھىرىدە قارا كېزىك تارقىلىپ ، قىسقىغىنا 40 نەچچە كۈن ئىچىدە 40 ياشتىن تۆۋەن 25 ياشتىن يۇقىرى ياشتىكى ئىككى مىڭ نەچچە يۈز ياش نەۋقىرانلار كېزىك بوھرانىغا يولۇقۇپ نابۇت بولدى .

ئۇ ۋاقىتتىكى ئىستىبدات ھاكىمىيەت ۋە ئۇنىڭ زالىم مەمۇرلىرى كېزىك ۋىرۇسىغا قوشۇلۇپ «زۇلۇك» بولۇپ ، ئەلنىڭ قېنىنى شوراشتىن باشقا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە قارشى مۇداپىئە تەدبىرلىرى قوللانمىدى . خەلق بارغانچە قىرىلىپ كېتىشكە باشلىدى . دېڭىزغا غەرق بولغۇچە ھالاكەتتىن قۇتۇلىمەن دەپ لەھەڭگە ئېسىلغاندەك خەلقمۇ ھايات قالارمەنمىكىن دەپ ئاڭلىغاننى قىلىپ باقتى . دەل مۇشۇ مەزگىلدە شەھىرىمىزدىكى پېشىۋالار قارا كېزىككە يولۇققانلارنى تۇرلۇك چارىلەر بىلەن قۇتۇلدۇردى . جۈملىدىن ئۆز مۇرتلىرىدىن بولغان يۇمىلاق شەھەر كۆل بېشىدىكى قادىرئاخۇن ئاكام ۋاپۇرۇشنى ھەلقىغە ئېلىپ كۆرگەن بولسىمۇ ، ئىلاج بولمىدى . ئىلاجسىز خەلق «چىلتەن» گە دەپ بەرگەن نەزىرلەرنى غوجام غېرىبلەرگە ئۈلەشتۇرۇپ ، خەلق ئۈچۈن پەرۋانە بولۇپ يۈگۈرۈپ كۆرگەن بولسىمۇ ، لېكىن كىشىلەرنىڭ كېسىلى يەنىمۇ تېز تارقالغىلى تۇردى .

دەل مۇشۇنداق پەيتتە يۇسۇپھاجىم ئوتتۇرىغا چىقىپ شەھەر كاتتىلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ :

— كېسەل جاراسىملار (مىكروب ) ئارقىلىق يۇقىدۇ . شۇڭا كېسەل بولغان كىشى ۋە ئائىلىرىنى «كارانتىن» قىلساق ، — دەپ تەكلىپ بېرىدۇ . شەھىرىمىزدىكى مۇنەۋۋەر ئالىم ، زىيالىيلار ۋە جاھان كۆرگەن «جەدىت» چىلەر قوللايدۇ .

يۇسۇپ ھاجىمنىڭ تەشەببۇس قىلغان بۇ «كارانتىن» قىلىش ئۇسۇلى بىزگە بىر تۇغقان بولغۇچى جان قورغانلىق كىچىك ئاخۇن ئاكام ۋاپۇرۇشنىڭ ئۆيىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ .

قارا كېزىك كېسەلگە گىرىپتار بولغان 35 ياشلىق ئوغلى مامۇدخاننى دەرھال كېسەل بولمىغانلاردىن ئايرىپ ، ئايرىم ئۆيدە بېقىپ ، ئۇ ياتقان ئۆي ، يوتقان ـ كۆرپە ، ئۆي ئەھۋاللىرى ، يېمەك ـ ئىچمەك ، قاچا ـ قۇچا ... لىرىنى ئاۋۋال يۇلغۇن ئوتى بىلەن تازا ئىسلاپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ بىر قاپاق سىركىگە ھىلىڭ سېلىپ ئۆي ۋە ئەتراپلىرىغا چېچىپ ، تالا ـ تۈزگە كىشىلەرنى چىقارماستىن ، تاماقلىرىغا خام ساماساق ۋە سىركە قوشۇپ يېيىشنى ، ھەركىم ئۆز قاچا ـ قوشۇقىدا تاماق ئىستېمال قىلىپ ، باشقىلارنىڭ قاچا ـ قۇچىسىنى ئىشلەتمەسلىك ، تاماق يەپ بولۇپلا قاچا ـ قۇچىسىنى قازاندا قاينىتىش ۋە قايناق سۇدا يۇيۇش ، بويۇنلىرىغا ساماساق دانىلىرىنى يالىڭاچلاپ ئېسىشتىن ئىبارەت بولىدۇ .

بۇ تەدبىر دەرھال كىپەلىنىڭ يامرىشىنى تو-
سۇپ غەلىبە قىلغاندا، پۈتۈن شەھەر خەلقى ئاپى-
رىن ئوقۇپ يۈسۈپ ھاجىمنىڭ داڭقى چىققان.
ئۇنىڭدىن كېيىن، 1935 ـ يىللىرى ماي ۋە ئىيۇن
ئايلىرىدا قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىدىكى (6km
يىراقلىقتا بولغان) «تىككەن بېشى» يېزىسىنىڭ
«خەلۋاپ» كەنتىدە يۈز بەرگەن ۋابا (خولېرا)
بىلەن ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ ۋە ئىتلارنىڭ ئۆلۈكلە-
رىنى «ھىلال ئەھمەر» جەمئىيىتى ھاك تاشلاپ
كۆمدۈرگەندە يۈرتتىكى مۇتەئەسسىپلەرنىڭ بەزىلە-
رى:

— مۇسۇلمانلارنىڭ جەسىتىنى يۇيماي،
نامىزىنى چۈشۈرمەي كۆمۈش مۇۋاپىق ئەمەس، — دەپ ئوتتۇرىغا چىققاندا: يۈسۈپ
ھاجىم «... خالايىق بۇ تەدبىر ساق قالغان ئەل
- يۇرتنىڭ ئامان - ئېسەن قېلىشى ئۈچۈن مۇۋا-
پىقدۇر» دەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، يۈرەكلىك خەل-
ۋاپقا چىقىپ تەدبىر تەرىپىدە تۇرۇپ «ھىلالى ئەھ-
مەر» خىزمىتىگە قاتناشقان.

دوست ۋە تۇغقانلىرى «چىقمىسىلا» دەپ توس-
قاندا «ئەل بىلەن كەلگەن ئۆلۈم — بەجايىكى
توي» دەپ خىزمىتىدە يۈرەكلىك ئىشلەپ مۇۋەپپە-
قىيەت قازانغان ۋە ۋابانى توساشقا ھەسسە قوشقان.

## VI خەلق ئاقارتىش يولىدا ئۆزىنى پىدا قىلغان ئۇستاز

مەرھۇم يۈسۈپ ھاجىم كاشغەرى قەشقەر شە-
ھىرىنىڭ ئۆستەڭ بويى چولڭ گۈزەر دوقمۇشىدىكى
تېۋىبلىق دۇكىنىدا 20 يېشىدىن باشلاپ ئاۋۋال
ئۆزى، كېيىنچە ئىنىسى مامۇدخان ئاكام
«ئۆلاي»، نەققى قارىيھاجىم (توقسۇنلۇق) ۋە
ئوسمان قارىم چوققۇرلار بىلەن بىرلىكتە بىمارلارنى
داۋالاش بىلەن بەند ئىدى.

قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ بورىغا ئاۋازى ۋە «ئا-
چىل» ناملىق غەزەل ساداسى قەشقەردە ئاڭلىنىشقا
باشلىغاندا، ھاجىم دەرھال بۇ ئىشقا ماسلىشىپ،
قەشقەر يارباغدىكى يېڭى دوختۇرخانا «ھىلالى ئەھ-
مەر» (قىزىل يېڭى ئاي) تۈنجى بولۇپ جەمئىيەت-
كە ئەزا بولۇپ، خەدىچە مۇزەپپەر، گويا خانىم
قاتارلىق «شەپقەتلىك ھەمشىرە» لىرى بىلەن بىر-
لىكتە «ھىلال ئەھمەر» بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن ئاق
خالات، ئاق پوسىلارنى كىيىپ خەلق قوزغىلىڭىدا
مېيىپ بولغان «مەجرۇھ»لارنى يېڭى ئۇسۇلدا دا-
ۋالاشقا كىرىشىپ كېتىدۇ، يەنە «قوۋاپ سادايى»
دا ئېچىلغان «شىپاخانا» دە ئەپيۇن، نەشە چەككۈ-
چىلەرنى قۇتقۇزۇش ھەم بۇ زەھەرلىك نەھەدىن
ھەر مىللەت خەلقىنى داۋالاپ ساقايتىشتىمۇ پىدا-
كارلىق بىلەن ئىشلەيدۇ ھەمدە قەشقەردىكى تەرەق-
قىيپەرۋەر زاتلار تۆمۈر شاڭيۇ، مەھمۇد شەۋكەت-
لەرنىڭ دالالىتى بىلەن قۇرغان سەككىز ئاممىۋى
تەشكىلاتنىڭ قاتناشچىسى بولىدۇ. بۇ تەشكىلاتلار:
(1) قەشقەر شەھىرى خانلىق مەدرىسىسى ئورنىدى-
كى تورپانلىق ئابدۇللا داموللام رىياسەتچىلىكىدە
ئېچىلغان «دارىل ئۆلۈم»، (2) تورغۇن ئەپەندىم
(تولۇئى) رىياسەتچىلىكىدە دەسلەپ يارباغ دەرۋا-
زىسى تېشىدىكى سارايدا، كېيىن ئوردا ئىشىكىدى-
كى «ۋاكلىق مەدرىسىسى» دە ئېچىلغان «دارىل
مۇئەللىمە»، (3) ھېيتگاھ جامەسى ئىچىدىكى
مەدرىسە ئورنىدا خەلىل قارىيھاجىم رىياسەتچىلى-
كىدە ئېچىلغان «دارىل قۇرا» (4) نور بېشىدىكى
كونا بۇتخانا ئورنىدا يۈسۈپ «زىيا» ئەپەندىم رىيا-
سەتچىلىكىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىككى ئوتتۇرا سى-
نىپى، سەككىز باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپى، (5)
خەدىچە مۇزەپپەر ۋە ھۆرنىسا خانىم رىياسەتچىلى-
كىدە ئەنجان كوچىسىدىكى لىيجىڭدا خانىم ـ قىز-
لار ئۈچۈن ئېچىلغان «دارىل مۇئەللىمات»، (6)
قەشقەر يارباغ يار بېشى ئۈستىدىكى «دۇمماخانا»
ئورنىدا ئەبرار باي رىياسەتچىلىكىدە قۇرۇلغان
«دارىل ئاجىزىن»، (7) قەشقەر يارباغ دەرۋازا
تېشى يار بېشىدا ئابدۇللا ئاخۇن ئاكام قاساپ
رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغان «دارىلئىتام» (8)
قەشقەر شەھىرى ئۆستەڭ بويىدىكى «كەنجارە مەد-
رىسىسى» ئورنىغا قۇرۇلغان تەۋەككۇل ئاخۇن خەل-
پىتىم رىياسەتچىلىكىدىكى «ئىسلاھى مادارىس ۋە
مەساجىر» (مەدرىسە ۋە مەسچىتلەرنىڭ تەمىر ۋە
مالىيىسىنى باشقۇرىدىغان جەمئىيەت) لەردۇر.

يۈسۈپ ھاجىم ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان «دا-
رىلئۆلۈم» نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ كەسپىنى
توختىتىپ، باشلامچى بولۇپ ئۆزى ۋە كەسپدىشى
ئوسمان قارىملارنى ئەگەشتۈرۈپ، «دارىلئۆلۈم»
نىڭ بىرىنچى ئوقۇغۇچىسى بولۇپ ئوقۇشقا قاتنى-
شىدۇ.

يۈسۈپ ھاجىملار مەكتەپ قوينىغا كىرىش بە-
لەن كەلگ دەرسخانا تېمىغا ئېسىلغان قىزىل رەخت-
تىكى:

«ھەر مىللەتنىڭ ئېرپانى ـ تەرەققىيات دەرى-
جىسىنىڭ مىزانى ئۆز ئانا تىلىدىكى ئالىي مەكتەپ-
لىرىنىڭ بولغانلىقى بىلەن ئۆلچىنۇر» دېگەن لەۋ-
ھەگە كۆزى چۈشۈش بىلەن تەڭلا يۈرىكى ھەلقۇمىگە
تىقىلىپ كۆزىدىن مەرۋايىتتەك ياش تاراملاپ ئاقى-

ىدۇ .

يۈسۈپھاجىم «دارىلمۇئەللىم» نىڭ ستۇدېنتى
بولغاندىن باشلاپ پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى يىغىپ ،
پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، تىرىشىپ ئوقۇپ ،
قىسقا بىر مۇددەت ئىچىدە ئەلا ياخشى نەتىجە بىلەن
مەكتەپ پۈتتۈرۈپ ، دەرھال ئۆز مەھەللىسىدە يېڭى
مەكتەپ ئېچىپ ئۇنىڭغا مۇئەللىم بولىدۇ .

هاجىمنىڭ مۇئەللىملىكىنى مەڭگۈ ئەستە تۇتقان
مۇتەئەسسىپلەر مۇئەللىم بولغانلىرى نېمىسى دەپ
سوئال سورىغاندا :

« . . . خەلقىنىڭ تەن خەستىلىكىنى داۋالاش-
تىنمۇ ئەقىل ـ ئىدراك كۆزلىرىنى ئېچىپ ، جاھا-
لى ۋە نادانلىق خەستىلىكىنى داۋالاشنىڭ زۆرۈر-
لۈكىنى بىلدىم» دېيدۇ . ئۇ يەنە :

ـــ بەدەن خەستىلىكى بىلەن ۋاقىتلىق
بىر نەچچىلەر ئۆلىدۇ ، ئەمما ئەقىل خەستىلى-
كى بىلەن يۈزلەر ، تۈمەنلەر ، ئەۋلاد ۋە مىللەت
ئۆلىدىكەن ، دەپ تونۇپ بۇ ئۇلۇغ خىزمەتكە ئات ـ
لاندىم ، ـــ دەپ ، سەبىي ـ مەسۇم باللارنى
مەكتەپكە قوبۇل قىلىپ ئا ، ب . . . دىن باشلاپ
دەرس ئۆتۈشتىن تارتىپ ، تەنتەربىيە ، گىمناستى-
كا ، باللار ئويۇنى ، ئاياغ ئويۇنى . . . قىچە ئۆزى
قاتنىشىپلا قالماي ، بەلكى ئۇلارغا قوللىرى بىلەن
دۇتۇزنىنە (ھەرىكەت ) كۆرسىتىپ تۇرۇپ :

ئىستىكىمىز ھەققە ئۇلاشماق بىزنىڭ
بارمۇ قورقۇش چېھرىمىزدە باق بىزنىڭ
. . . . . .
سورا بىزنى تارىخلاردىن ئىنسانلاردىن ،
سورا بىزنى «ئالتاي» لاردىن «تۇرپان» لار-
دىن .

دەپ ئېگىكدىكى قارا ساقىلىنى تىترىتىپ
تۇرۇپ ئۆگەتكەن «شارقى» (غەزەلى ) نىڭ تەسى-
رى ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا ساقلانماقتا .

## VI قايتا كەلگەن دىشۋارچىلىقلار

ئۈرۈمچىدىكى شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ
غەلىبىسى جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇستەھكەملەنگەندىن
كېيىن ، قەشقەردە قادىر ھاجى ، ئوبۇل قاسىما-
خۇن ، غوجى يۈسۈپ ئاخۇنلار «كەسىپىي ئىشلە-
رى» گە كىرىشىپ كەتكەن كۈنلىرىنىڭ (قەھرى-
تان سوغۇق كۈنلىرىنىڭ ) بىرىدە يۈسۈپ ھاجىمى-
نىڭ ياغاچچى كوچىسىدىكى هويلىسىدا بىر نەچچە
نەپەر ناتونۇش كىشىلەر پەيدا بولىدۇ ـ دە ، يۈ-
سۈپھاجىمنىڭ قولىنى مەھكەم ئارقىغا باغلاپ
تۆۋرۈككە ئېسىپ قويۇپ ، ئۆي ، تام ، تورۇسلارنى
تىنتىپ ، ئالدىن كىتاب ، خەت ـ چەكلەر (بۇنىڭ
ئىچىدە تەجەللى تەرىپىدىن يېزىلغان 70 پارچىدىن
ئارتۇق سالام خەت بار ئىدى ) ، قەغەز ، قولىيازما
خاتىرىلەر ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىپار ، زەپەر ، ئەد-
پەر ، ئەتىر . . . قاتارلىق ئېسىل دورا ـ دەر-
مەكلەرنى يۈسۈپھاجىم بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭى-
دۇ ، پارباغ دەرۋازا تېشىدىكى «تېرەكلىك» دېگەن
جاي ئىچىدىكى تۈرمىنىڭ پېشايۋىنىنى توسۇپ يې-
ڭىدىن سېلىنغان كامىرغا يالغۇز سولايدۇ . شۇ
كۈنى نەققى قارىيھاجىم ، ئوسمان قارىيلارمۇ قەش-
قەر شەھەردىن قولغا ئېلىنغان نەچچە يۈز بىگۇناھ-
لار بىلەن بىللە شۇ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ .

ئۇلار بىرنەچچە قېتىم تەقىپ ۋە سوراق قى-
لىنغاندىن كېيىن بىر سەھەردە تاغارغا قاچىلىنىپ
ئۆمەر ئاخۇنبايوفلار ئائىلىسىدىن «مۇسادىرە» قى-
لىنغان يۈز ئات قوشۇلغان كۆك مەپىگە ئولتۇرغۇ-
زۇپ ، 10km يول ماڭغۇزۇلغاندىن كېيىن ، يېڭى
شەھەر قوماندانلىق شتابىتىكى تۈرمىگە ئاچىقىپ
ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ . ئىككى ئايدىن كېيىن «تەلى-
يى ئوڭدىن كېلىپ» ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىگە يۆت-
كەپ كېتىلىپ مەشھۇر تۆتىنچى تۈرمە كامىرىغا
تاپشۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ .

تەقىپتە « . . . نەققى قارىيھاجىم بىلەن بول-
غان مۇناسىۋەت» قاتتىق سۈرۈشتە قىلىنىدۇ . بۇ-
لارنىڭ پۈتۈن مۇناسىۋىتى تېۋىبلىق مۇناسىۋىتى
بولغانلىقتىن ، يەنە بىر تەرەپتىن يۈسۈپ ھاجىمنى
گۇناھى ئېغىرلار قاتارىدا ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە يۆت-
كەپ شۇ يەردە سوراق قىلىنغان . قەشقەردە قولغا
ئېلىنغان مەھبۇسلاردىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەنلەر-
نىڭ قىسمەن ئەجىلى پۈتمىگەن «ھاجىم» دەكلىرى
ساق قالىمۇ ، شۇ چاغلاردا قەشقەر تۈرمىسىدە
قېپقالغان مەھبۇسلاردىن ھايات چىققانلىرى ناھاي-
تى ئاز بولغان . (شۇڭا ، ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەن
مەھبۇسلار ئۆزئارا «تەلىيى ئوڭدىن كەلگەنلەر»
دەپ يۈرۈشكەن ) .

يۈسۈپھاجىم سولىنىپ تۆت يىلدىن كېيىن
ئۈرۈمچىدىكى قەشقەرلىق ھاۋاز چوڭ دېگەن تۆمۈ-
رچى كىشىگە كېپىللىككە بېرىلگەندىن كې-
يىن ، ھاۋاز چوڭنىڭ ماددىي ياردەم قىلىپ
ھارۋىغا سېلىپ قويۇشى بىلەن 56 كۈن يول
يۈرۈپ 1940 ـ يىلى فېۋرال ئېيىدا قەشقەرگە
سالامەت قايتىپ كېلىدۇ . يۈسۈپ ھاجىمنىڭ قەش-
قەردە ئىگە ـ چاقىسىز ، نەپىقىسىز قېپقالغان يول-
دىشى ھۆمەراخان پەرزەنتلىرى مۇھەممەد ئوسمان ،
مۇھەممەد مۇسا ، مۇھەممەد ئېلى ، بەھرىنىسا قا-

www.uyghurkitap.com



تارلىق پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەش، تەمىنلەشتە تۈمەن مىڭ دىشۋارچىلىققا يولۇققانلىقى ئۈچۈن، تورمۇش، مەئىشەتتىن قىسىلىپ بەدىنى ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

ۋەتىنىم، ئۆز يۇرتۇم، بالا ـ چاقىلىرىم دەپ يۇسۇپھاجىم قەشقەرگە كېلىپ زورىغارىغا تۇنجى قەدىمىنى باسقاندا، ئائىلىسىگە كەلگەن دىشۋارچىلىق ۋە مۇسىبەتنى كۆرۈپ «شۈكۈر» بىلەن «سەۋرى» قىلىدۇ. «سەئى» نى دائىم ئۆزىگە ئادەت قىلغان يۇسۇپ ھاجىم تىرناق بىلەن تاشقا تۆشۈك ئاچقاندەك، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ھايات يولىدا كۈرەش قىلىپ تېۋىپلىق كەسپىنى باشلىغاندىن كېيىن، 49 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئازادلىققا ئېرىشىدۇ.

## VII ئەمەلگە ئاشقان ئارزۇ

1955 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مىللىي سىياسىتىنىڭ كەلگۈسىگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن قارىغان يۇسۇپھاجىم ئۆز كەسپى بولغان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنى قەشقەردە داۋاملاشتۇرىدۇ. تەشەببۇسكار تېۋىپ ئابدۇلھاپىز مەخسۇم بىلەن بىرلىشىپ ئىككىيلەن گورۇپپا قۇرۇپ دۇكان ئاچىدۇ. كېيىنچىرەك يۇسۇپ ھاجىم ۋە دوختۇر، شائىر ئابدۇلئەزىز ئۆبەيدى (ئاق باش دوختۇر) مەسئۇللۇقىدا قەشقەر شەھىرى ئۆستەڭ بويى دوقمۇشىدىكى قەدىمكى «كۆل» ئورنىغا چۈشكەن جايدا ئارىپ ھاجىم تېۋىپ، مامۇد ئاخۇن ئاكام «ئۇلاي»، ئىسمائىلجان ئاكام تېۋىپ، زۇنۇن قارىم، ئابدۇرەھمان ئاخۇن (ئاتام)، ئابدۇخالىق ھاجىم ۋە زۇنۇن ئاخۇن ئاكام تېۋىپ . . . قاتارلىق پېشقەدەم تېۋىپلەرنى ھەم مۇھەممەد ئېلى مەھمۇدى قاتارلىق ياش شائىرلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، قەشقەر ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانا كارخانىسى ئاساسىنى يەرلىك پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ۋە قوللىشى بىلەن قۇرۇپ چىقىدۇ.

بۇ كارخانا ئىچكى ئىشلىرىنى پرىنسىپ بويىچە رەتكە سېلىپ، ھېسابات بىرلىكى تۇرغۇزۇپ كېسەل كۆرۈش، دورا تەييارلاش، دورا بېرىش . . . گە ئوخشاش گورۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئىشلەپ، دەسلەپكى يوقلۇقتىن بارلىققا، كىچىكلىكتىن تەدرىجىي چوڭلۇققا قاراپ يۈزلەندۈرىدۇ.

ئەھۋاللارنى، تەرەققىياتنى كۆزەتكەن يەرلىك سەھىيە كەسپىي مەمۇرىي ئورگانلىرى ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەپ، 1959 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ «ئېگەرچى شەھەر» دېيىلگەن جايىنىڭ «چارسۇ» گوزىرىدىن يېڭى ئورۇن كۆرسىتىپ «ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى» قۇرۇپ، شتات ۋە دائىرىنى كېڭەيتىپ، زامانىۋى داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ 20 كارىۋاتلىق ئاغرىقخانا قۇرۇپ، ئۈسكۈنە ۋە جاھازىلىرىنى تولۇقلاشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

يۇسۇپ ھاجىمنىڭ تەكلىپى بىلەن پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئۇيغۇر مىللى تېبابىتىنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى تۇرغۇزۇش ۋە تولۇقلاش ئۈچۈن تەرجىمە ـ تەھرىر ھەيئىتى ئۇيۇشتۇرۇپ ئىچكى ـ تاشقى تەرەپتىن بىرلەشكەن قاسىم قارىيھاجىم (ھېيتگاھ مەسچىت خاتىبى)، ئابدۇقادىر سەئىدى، نۇرمۇھەممەدجان (ئېركى)، ئابدۇخالىق ھاجىم تېۋىپ، ئابدۇقادىر ئەھمەد، مامۇدخان «ئۇلاي» لاردىن تەركىپ تاپقان گورۇپپا قۇرۇپ (تەرجىمە ھەيئىتى)، «تېببىي ئەكبەر» (ئىچكى ـ تاشقى كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويۇشتا دائىر مەشھۇر ئەسەر)، «مەھزەنى ئەدبىيە» (ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق دورا ئۇسۇملۇكلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان ئەسەر)، «مىزانى» (تېبابەت ئىلمىنىڭ ئۆلچىمى)، «قارا بادىنى كەبىر» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىپ ئۆز تىلىمىزدىكى كەسپىي كىتاب قەھەتچىلىكىنى تۇنجى قېتىمدا ھەل قىلىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەر، ھېكىم، تەرجىمان، خەتتات، ئەدىب، ئالىم يۇسۇپ ھاجىم ئەلەيھى دەھمە قەشقەر ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنى قۇرۇشتىكى «ۋېنتا» لىق رولى جەريانىدا قايتا سول لۇشيەنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قىيىندى بولدى. ئازار ـ كۆلپەتلەرگە ئۇچرىدى. ھەتتا پۇقرالارنىڭ ئىجرا قىلالايدىغان نورمال دىنىي پائالىيىتى بولغان «روزا تۇتۇش» پائالىيىتىدە پارتىيە سىياسىتىنىڭ نۇرى ئىچىنى يورۇتمىغان نادان شەخسى X X X تەرىپىدىن ئۇرۇلدى: «ئورنىمىزغا زەھەر تارقاتتىڭ» دېگەن بوھتان بىلەن ھاياتى خەلقنى داۋالاش بىلەن ئۆتكەن، چاچ ـ ساقىلى ئاقارغان يۇسۇپ ھاجىمنىڭ ئاق ساقىلىنى تۇتاملاپ يۈزىگە تەستەك ئۇردى، بۇ چاغدا ھاجىم كۆزىدىن مەۋايىتتەك ياشلىرىنى ئاقتۇرۇپ تۇرۇپ:

«مەن پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ دىنغا ئىشىنىش سىياسىتىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمەن. ھېلىغۇ پارتىيىنىڭ دىنغا ئىشىنىش بەلگىلىمىسى بار. لېكىن، ئەركىنلىكىم چەكلەنگەن، كىشىلىك ھوقۇقىم پايىمال قىلىنغان شىلاڭ شىمەي تۇرمىسىدە، ئۈرۈمچىنىڭ نۆلدىن تۆۋەن 30 نەچچە گىرادۇسلۇق سو-

فۇق قىش كۈنلىرىدە ، ئەتىگەندە بېرىلگەن قايناق
سۈنى ئىچۈرۈشقا ئېلىنىۋېلىپ ، خام ئۈماچنى تاۋاقتا
ئۇسسۇۋېلىپ ، مۇزلىمىسۇن دەپ ياتقان ئورنىمغا يۆ-
گەپ «روھۇرلۇق ، قىلىپ روزا تۇتۇپ ، مۇز سۈيى
ئېچىپ ئىپتار قىلغان ئىكەنمەنغۇ ، بۈگۈن يۈزۈمگە
ئۇرۇلغان بۇ تەستەك بىلەن روزا ئىبادىتىمدىن توخ-
تاپ قالىمەنمۇ ؟ تۆت يىللىق مەھبۇسلۇقىمدىكى
كۈنلىرىمىزنى پەرىز روزىدىن تاشقىرى نەپلى روزا
بىلەن ئۆتكۈزگەن تۇرساق ! » دەپ ، ھېلىقى «سە-
تەمكار » كىشىگە توغرا تاقابىل تۇرغانىدى . بالى-
لىرى ھەر خىل تۆھمەتلەرگە ، خارلىنىشقا يولۇق-
سىمۇ ، ئىنىسى مامۇدخان ئاكام «ئۇلاي» يان بۇ-
لاق مەيدانىغا چۈشۈرۈلۈپ ئىش ئورنىدىن «قوغلاد-
دى» قىلىنىپ پۈتىدىن ئايرىلىپ خارلىنىقلار تارت-
سىمۇ ، ئەمما يۈسۈپ ھاجىم خەلقنى داۋالاشتىن ۋە
ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانا خىزمىتىنى ئىشلەشتىن ،
ئورگاننى يۈكسەلدۈرۈش ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئې-
شىشىدىن قىلچىمۇ بوشاشماي ، يۈرىكى سوقۇشتىن
توختىغانىغا قەدەر شەرەپلىك ئۆمىد - ئارزۇ يولىدا
ماڭدى .

گەرچە تەبىئەتنىڭ قانۇنى بويىچە يۈسۈپ ھا-
جىمنىڭ جىسمى بىزدىن ئايرىلىپ جۇدا بولسىمۇ ،
لېكىن ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنى قۇرۇش يو-
لىدىكى «خېمىرتۇرۇچ» لىق رولى كارخانا ھالەت-
تىن تەرەققىي قىلغان بۇ تېببىي مۇئەسسەسىنى
دۆلەت بويىچە «ئىدى ئالا» (بەرەس) كېسەلنى
داۋالاشتا يېگانە ئىجادىيەت تۆھپىسى بار شىپاخانا
دېگەن ئاتاقتا ئىگە قىلدى ، زامانىۋى ئۈسكۈنە ،
جاھازا ، جاي ، دورا - دەرمەك ، 200 كارىۋاتلىق
كېسەلخانا ، 300 نەپەر تېببىي خادىم ، دورا زاۋۇتى
قاتارلىقلارغا ئىگە قەشقەر ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخا-
نىسى بولۇپ يېتىلىشكە بىر ئۇلۇش سەۋەب بولدى .

## IX ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە

1936 - يىلى دېكابىر ئېيىنىڭ «جىرى»
پەسلىدە قەشقەر شەھىرىگە تۈنجى قار چۈشكەن ئى-
دى .

يۈسۈپھاجىم چولڭ مېھمانخانىسىنىڭ دەھلى-
زىدە سوزاقتىن كىرگەن ئېغىر بىر كېسەلنىڭ
ھالىتىنى كۆزىتىۋاتقاندا ، تاشقىرىقى ھويلىنىڭ
دەرۋازىسى قاتتىق قېقىلدى . ئىشىك ئالدىغا چى-
قىپ خەۋەر ئېلىپ كىرگۈچى ئات ئۈستىدە تۇرغان
«بەگ ھەيۋەت» بىر ئادەمنىڭ :

— يۈسۈپ ھاجىم بارمۇ ؟ ئۇنى چاقىر
، — دەپ قولىدىكى قامچا بىلەن ئىما قىلغانلىقى-
نى دەپ كىردى . ھاجىمنىڭ چىرايى ۋە كەيپى
ئۆچتى - دە ، كېسەل كۆرۈۋاتقان قولى ، دەسسەپ
تۇرغان پۇتلىرى تىترەشكە باشلىدى . چۈنكى نەچ-
چە كۈندىن بېرى شەھەر ۋە كوچىلار پاراكەندە
ئىدى .

ھاجىم ئىشىك ئالدىدىكى چاقىرتقان كىشى
ئالدىغا چىقىپلا تامدىكى «شام» دەك قېتىپلا قال-
دى . چۈنكى بۇ ئادەم شۇ دەۋردىكى «قاشقىلىق
خۇنرىز» خوجا يۈسۈپ ئاخۇن دېيىلگەن «بۇئەنجى»
(ئەنزە مەلۇم قىلغۇچى ) نىڭ كىشىلىرىدىن بو-
لۇپ ، ھەرقانداق قەشقەر پۇقرالىرىدىن بىرەر تى-
يىننى قولغا ئېلىشقىمۇ بىر نەچچە كۈن يۈرۈن
كېلىپ ئۇ كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئەۋۋەل قېلىپىدىن
«چىقىرىپ» ، «ھەيۋە» كۆرسىتىدىغانلاردىن ئى-
دى . ياكى ھاجىمدەكلەرنىڭ بىساتىدىكى بار بولغان
ياخشى مۈلۈكلىرىدىن «ئارىيەت» سورىغان بو-
لۇپ ، ئۇ كىشىلەردىن بىر نەرسە «بۇلاپ» ئالاتتى .
بۇ نۆۋەت بۈگۈن يۈسۈپھاجىم بېشىغا كېلىپ قال-
دى . خوجا يۈسۈپ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ : يۈسۈپ
ھاجى ! سىزدە ھەرەمدىن ئېلىپ كەلگەن «مو-
زىير» سائەت ۋە كىچىك كۈمۈش ساندۇق بارمىش .
بىزگە «ئارىيەت» بېرىپ تۇرسىڭىز ! «نۇسخا» ئې-
لىۋالساق ؟ دەپ سوغۇق تەرى بىلەن ھاجىم كۆزىگە
تىكىلدى . تەمتىرىگەن ھاجىم كېكەچلەپ دەرھاللا
«سائەت» نى كەمزۇلىنىڭ سائەت يانچۇقىدىن ،
ساندۇقنى تام جاۋەندىكى ئېسىل دورىلار ۋە دورىغا
ئىشلىتىدىغان مەرۋايىتلار سېلىنغان ئورنىدىن ،
دورا مەرۋايىتلىرىنى يەرگە تۆكۈۋېتىپلا ئاچىقىپ
بەردى . ئات ئۈستىدە تۇرغان خوجا يۈسۈپ ساندۇق-
نى قولىغا ئېلىپ ئېچىپ كۆرۈپ ، قىسىلىپ قال-
غان بىر تال مەرۋايىتنى قولىغا ئېلىپ ، بۇنى
قەيەرگە يوشۇرۇۋالدىڭ ؟ ساڭا جان لازىم ئەمەسمۇ ؟
دەپ مەرۋايىتنى ھاجىمنىڭ كۆزىگە نوقىدى . جان
ئۆمىدىدە قورقۇپ كەتكەن ھاجىم ئارقىغا ئۆرۈ-
لۈپ ، بوسۇغىدا پۇتلىشىپ يىقىلغاندىن كېيىن ،
ئۆمىلەپ بېرىپ دورىلار ئارىسىدىكى بىر جىلغ كەل-
گۈدەك ساپ مەرۋايىتنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا
قايتا سۇنغاندا ، مۇزدىن سوغۇق چىرايى ئازراق
ئېچىلغاندەك ھەممىنى ئېلىپلا كەينىگە قارىماي
كېتىپ قالدى .

مۇشۇ يىلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە يۈسۈپ ھا-
جىمنى مۇشۇ ئۆيدىن شىڭنىڭ تۈرمىسىگە ئېلىپ
ماڭغۇچىلاردىن بىرىنچىسى ، ئاشۇ كۈنى سوۋغات-
لارنى «ئارىيەت» ئېلىپ ماڭغۇچى خوجا يۈسۈپ
ئاخۇن ،ئىككىنچىسى ، ياقۇپ ھاجىم لەنجۇسىڭنىڭ

ئاسراندىسى ئوبۇلقاسىم ئاخۇن (ياقۇپزادە). يەنە بىرسى: «ھۆسەيىن پىچاق» ئىدى.

«كەسىپدار» لاردىن بولغان خوجا يۈسۈپ ئاخۇن دېيىلگەن بۇ ئادەم ئۆزى قەشقەرلىق بولۇپ، شەھەرنىڭ شەرقىدىكى ھەزرەت يېزىسىنىڭ «ئاياقچىلار» كەنتىدىن ئىدى. ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىدە «فالجىر» ئىللىتىگە گىرىپتار بولۇپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاياقچىلاردىكى ھويلىسىغا سولىنىپ ياتتى. دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن چوڭ يول تەرەپكە قاراپ پەمجۇدە بولغان، ئېغىزلىرىدىن كۆپۈك ئېقىپ، كۆزلىرى قىزارغان، ئۆزى جۇدەگەن ھالدا: «ھاۋ، ھاۋ، ھو، ھو» دەپ ھاۋشىپ «ئۆلۈپ»، دۇنيادىن زارلىنىپ ئۆتتى. بۇگۈنكى ھالىنى كۆرۈپ: «ئەل قىساسى مىنەلھەق» ئىكەن دەپ ئىستىغپار ئېيتىپ ماڭىدىغان بولدى.

ئوبۇلقاسىم ئاخۇن 1936 ـ يىلدىن باشلاپ قەشقەر «بولەنجۇ» دە ئىشلىگەن، ياقۇپزادە نامى بىلەن داڭ چىقارغان زىيالىيلاردىن بولۇپ، ھەر ساھەدىكى ماھارىتى ئۈستۈن ئارتىس ئىدى. 39 ـ 40 ـ يىللىرى مۇھەممەد رەھىم مەخسۇمنىڭ نورغۇن «تىللا» سى يىتتى دېگەن گۇمان بىلەن قولغا ئېلىنىپ، ئۈرۈمچى 4 ـ تۈرمىسىدە ئۇزۇن ساقلانغاندىن كېيىن، ئاۋۋال كۆزى «ئەما» بولۇپ، كېيىن ئۆز ئەزالىرىنى تاتىلاپ، ئەۋجىگە يېتىپ، تىرناقلىرىنى چىشلەپ يەپ ئۆلگەنلىكى مەلۇم بولدى.

يۈسۈپ ھاجىم ۋاپات بولۇپ بىر يىللاردىن كېيىن، قەشقەر ئۇيغۇر مىللىي تېبابەت شىپاخانىسىغا كېسەل يوقلاش ئۈچۈن چىقىپ، شىپاخانا ئىچىدىكى ئاغرىقخانا، دورا زاۋۇتى، بۆلۈم، ئۆي ـ جاي، باغ ـ ۋاران... قاتارلىق تەرەققىياتلارنى كۆرۈپ جېنىم سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۆزۈممۇ ھەيران بولۇپ قالدىمە، دىلىمدا پارتىيە، ھۆكۈمەتكە رەھمەت ئېيتتىم.

كۆرمەكچى بولغان تۇغقىنىمنى ئىزدەپ ئاغرىقخانا ئۆيلىرىدىن بىرىگە كىرسەم مەزكۇر تۇغقىنىم بىلەن بىر ياتاقتا ياتقان بىر «بىمار» كىشى «ھا! ھا ...» دەپ ئىڭراپ نالە قىلدى، كىنىم بۇ؟ دەپ سورىسام، تۇغقىنىم ماڭا:

... بۇ كىشى مەزكۇر شىپاخانىنىڭ ئىلگىرىكى ئاتارمەنلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھەممىنى ئاغزىغا قارىتىدىكەن. مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا ئورگاندىكى «قىزىل ئىسيانچىلار» نىڭ «ۋارىس» لىرىدىن بولۇپ، ھەممىنى قىلىشقا جۈرئەتلىك قارام ئادەم ئىكەن. كېيىنكى چاغلاردا كېسەل بولۇپ، ھازىر ئۆزىنىمۇ باشقۇرالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قاپتۇ. بەزى چاغلاردا «شاش» ۋە «بەۋلى ـ غايەت» لىرىنى باشقۇرالماي ياتاق يۈزىنى بەدبۇي قىلىپ بۇلغىۋېتىدۇ، ــــ دېدى.

بىر ھازادىن كېيىن تۇرۇپ سەپسېلىپ قارىسام قىياپىتىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. تازا سىنچىلاپ سەپسالغاندىن كېيىن، يۈسۈپ ھاجىمغا ئازار بېرىپ، ساقىلىدىن تۇتۇپ تەستەكلىگەن «ستەمكار» كىشىنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى بىلدىم، ئۇنىڭ ھازىر ئادەم ئۇرىدىغان قولى، كىشىگە تۆھمەت توقۇيدىغان تىلى، يەرنى يىرتىۋەتكۈدەك ماڭىدىغان پۇتى.. تەڭلا «پالەچ» بولۇپ ھېچنېمىگە كارغا كەلمەيدىكەن. مەنمۇ بۇ كىشىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن چوڭ ئىبرەت ئېلىپ: «ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدىكەن» دەپلا قالدىم.

ئىزاھات:

---

مۇئەللىپ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى چارىكىدىن باشلاپ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ مەرىپەت تارىخىغا پەرۋانە بولغان پېشىۋالىرىمىزدىن بولۇپ، ئۇ ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى رەتلەپ تارقىتىش، بۈيۈك كلاسسىكلىرىمىزنى ئەۋلادقا نامايان قىلىش يولىدا كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن. ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ خەلقىمىزدە تارىخىي يوسۇن بولغان پاك ـ دىيانەت بىلەن ئولتۇرۇپ ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان ئەنجۇمەنلەرنىڭ ۋارىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى، كەڭ قورساقلىقى، قىزغىنلىقى بىلەن ئارىمىزدىن كەتكەن مەشھۇرلىرىمىزدىن ئىمىنوف ھامىد، ئەھمەد زىيائىي، ئېمىر ھەسەن قازى ئاخۇنۇم، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۇكۇر مەمتىمىن، مەمتىمىن يۈسۈپ، ئەيسا شاكىر، ھامىد مەخمۇدى، مامۇد سابىت باشچىلىقىدىكى نۇرغۇن ئالىم ـ ئۆلىمالار ئۇلارنىڭ ھوزۇرىدا ئىلمىي سۆھبەتلەر ئېلىپ بارغان، ھايات ئالىملىرىمىزدىن ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن ھاجىم، مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئابدۇكېرەم رەھمان، غوجا ئابدۇللا ئوسمان، ھاجى نۇر ھاجىملارمۇ ئۇنىڭ ھوزۇرىغا بارغان ۋە ماتېرىيال ئالغان.

# ئەيدىز ئارخىپى ھەققىدە چۇقان

شىن جې

## ئېگىز بىنادىن چۈشۈپ كېتىپمۇ مۆجىزىلىك ھايات قېلىش

1996 - يىلى 17 - فېۋرال (قەمەرىيە 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى) چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەر ئەتراپىدا، خېنەن ئۆلكىسى نەنياڭ شەھىرىنىڭ شىنيې ناھىيىسى خىمىيە سانائەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئائىلىلىكلەر بىناسىدا لى مىڭ ئىسىملىك ئالتە ياشلىق بالا توققۇز ياشلىق نەۋرە ئاچىسىغا ئەگىشىپ بىنانىڭ ئۆگزىسىگە چىقتى ھەمدە باھار بايرىمىدا ئېتىلمىغان پوجاڭزىلارنىڭ ئاۋازلىرىدىن خۇشاللانغانلىقىدىن چاۋاك چېلىشىپ سەكرىشىپ كېتىشتى. «ئون كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار» دېگەندەك، خۇشاللىقتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان لى مىڭ تۇيۇقسىز 5 - قەۋەتنىڭ ئۆگزىسىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ نەۋرە ئاچىسى قورققىنىدىن «ئانا! لى مىڭ ئۆگزىدىن يىقىلىپ كەتتى! . . .» دەپ ۋارقىرىغىنىچە پەسكە يۈگۈردى. قوشنا - قولۇملار پەسكە چۈشكىنىدە، ئېغىر يارىلانغان لى مىڭ ئاتا - ئانىسىنىمۇ تونۇيالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. قوشنىلارنىڭ ياردىمىدە لى مىڭ دەرھال شىنيې ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ مېڭە تاشقى كېسەللىكلەر 2 - بۆلۈمىگە ئېلىپ كېلىندى. بېچاۋ، CT قاتارلىق بىر يۈرۈش تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن، دوختۇر لى مىڭغا «كۆپ مىقداردا قانسىرىغان» دەپ دىئاگنوز قويۇپ، ناھىيىلىك قان پونكىتى تەمىنلىگەن 400 گىرام قاننى تۆت قېتىمغا بۆلۈپ ئۇنىڭغا سالدى. ئەپسۇس، كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان لى مىڭ تېزدىن نەنياڭ شەھەرلىك مەركىزىي دوختۇرخانىغا يۆتكەلدى. بۇ دوختۇرخانىدا گەرچە لى مىڭغا قان سېلىنمىغان بولسىمۇ، بىراق تەدبىر قوللىنىپ كېسەلنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. مەكتەپكە كىرىش ئالدىدىكى ئوغلىنىڭ ئوقۇشىغا تەسىر يېتىشتىن ئەنسىرىگەن ئاتا - ئانا لى جوجۇن بىلەن ۋېين خېيخۇاڭ «ئاساسەن ساقايغان» ئوغلىنى دوختۇرخانىدىن ياندۇرۇپ چىقىپ، شىنيې ناھىيىسىگە قايتتى.

### بالا - قازا يېغىپ، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش

كىشىلەر «لى مىڭنىڭ بۇ دۇنيادىكى رىزقى تېخى تۈگىمەپتىكەن، ھەقىقەتەنمۇ تەلەيلىك بالىكەن» دەپ تەرىپلىشىۋاتقاندا، دوختۇرخانىدىن چىققىنىغا ئەمدىلا يېرىم ئاي بولغان «تەلەيلىك» لى مىڭ تۇيۇقسىز قىزىتمىسى ئۆرلەپ، ئىچى سۈرۈپلا كەتتى. بۇ دەل 1996 - يىلى 28 - مارت ئىدى. شۇ كۈنىلا، ئۇ ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ بالىلار بۆلۈمىگە ئاپىرىلدى. دوختۇرلار ئۇنىڭغا «جىگەر ياللۇغى، تولغاق ھەم ئېغىر دەرىجىدىكى قانسىراش كېسىلى» دەپ دىئاگنوز قويغانلىقتىن، دادىسى ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم قان بەرسىمۇ، كېسىلىدە ياخشىلىنىش كۆرۈلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، لى مىڭ يەنە بىر قېتىم، نەنياڭ شەھەرلىك مەركىزىي دوختۇرخانىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە ئاپىرىلدى. ئۇ يەردە لى مىڭنىڭ قېنىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلاندىكى - لى مىڭنىڭ قېنىدا ئەيدىز ۋىرۇسى بار ئىكەن!

بۇ بەختسىزلىكتىن قاتتىق قايغۇغا چۆككەن ئاتا - ئانا ئوغلىنىڭ قانداقلارچە بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغىنىنى بىلەلمەي دوختۇرلاردىن ئۇنى قايتا تەكشۈرۈپ بېقىشنى ئۆتۈندى. نەنياڭ شەھەرلىك مەركىزىي دوختۇرخانا شەھەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ئارقىلىق، كېسەل ئەھۋالىنى يۇقىرىسىمۇ يۇقىرى مەلۇم قىلدى. لى مىڭنىڭ قان ئەۋرىشكىسى دۆلەتتىن مەخسۇس بەلگىلەنگەن ئورۇن بېيجىڭدىكى ئەيدىز ۋىرۇسىنى تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە ئەۋەتىلدى. ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ لى مىڭغا يۇقۇش مەنبەسىنى تېپىش ئۈچۈن، لى جوجۇن ئەر - خوتۇن ئۆزلىرىنى ئىككى قېتىمدىن تەكشۈرتكەن بولسىمۇ، ئۇلاردا بۇ خىل ۋىرۇس بايقالمىدى.

چەكسىز قايغۇغا چۆمگەن لى جوجۇن مەسئۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دوختۇرنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، ئۇنىڭدىن ئوغلىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى قايتا - قايتا ئۆتۈندى. ئەپسۇس، دوختۇر بېشىنى چايقىغىنىچە: نەنياڭدا تېخى ئەيدىزنىڭ ئالدىنى ئالالىغۇدەك دورىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى. دوختۇر يەنە ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ بىرى بالا ئىمىتىۋاتقان ئانا ئارقىلىق، ئىككىنچىسى قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق، ئۈچىنچىسى، قان ئارقىلىق يۇقىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

لى جوجۈن كۆڭلىدە «ئەر - خوتۇن ھەر ئىككىمىزدە ئەيدىز ۋىرۇسى بايقالمىسا، ئالتە ياشلىق بالا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزەلمىسە، ئۇنداقتا چوقۇم بالا ئالدىنقى قېتىم قان بېرىلگەندە، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدى.

دەلىل - ئىسپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن، لى جوجۈن دەرھال شىنىي ناھىيىسىگە قايتىپ، سۇغۇرتا تۆلىمىگە ئېرىشىشنى باھانە قىلىپ، قان پونكىتى مەسئۇلىنى ئىزلەپ، ئوغلىغا قان بەرگەن ئۈچ كىشىنىڭ كېسەللىك ئارخىپىنى كۆپەيتىلىۋېلىپ ئېلىپ كەتتى.

غەلىتە يېرى، تۇيۇقسىز لى مىڭنىڭ ئىچى سۈرۈشى توختاپ، قىزىتمىسى ياندى. ئاتا - ئانا ئوغلىنى دوختۇرخانىدىن ياندۇرۇپ چىقىپ، تەشۋىش، ئازاب ئىچىدە بېيجىڭدىن كېلىدىغان تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى كۈتۈشكە باشلىدى.

1996 - يىلى 23 - سېنتەبىر شىنىي ناھىيىلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى لى جوجۈن ئەر - خوتۇنغا بېيجىڭدىكى ئەيدىز ۋىرۇسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئورنى ئەۋەتكەن «لى مىڭنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىق توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش نەتىجىسى»نى ئۇقتۇردى.

جانجان پەرزەنتىنىڭ ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە ئىكەنلىكىدىن چۆچۈگەن لى جوجۈن ئەر - خوتۇننىڭ شۇ چاغدىكى نائىلاج، بىچارە تۇرقى كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرەتتى. ئۇلارنىڭ قىلغان نالە - زارىغا ئاسمان ئۆرۈلمىدى، يەر يېرىلمىدى، خالاس.

## مەخپىي كېلىشىمنامە

ھەم غەزەپلەنگەن ھەم قايغۇرغان بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىشنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئۈچۈن، بارلىق بالا - قازانىڭ بېشى دەپ قارىغان قان پونكىتىغا بېرىپ، ئۇلاردىن لى مىڭغا قان بەرگەن كىشىلەرنىڭ قان ئەۋرىشكىسىنى تەكشۈرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى. بىراق قان پونكىتىنىڭ مەسئۇلى قان پونكىتىدىن ئېلىنغان قاندا ئەيدىز ۋىرۇسى بارلىقىنى قەتئىي ئىنكار قىلىپ، ھەرقانداق كىشىدىن قان ئېلىنىشتىن ئىلگىرى تەكشۈرۈلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. لى جوجۈن ئەر - خوتۇن توختاپ قالماستىن، ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىغا بېرىپ مۇناسىۋەتلىك رەھبەردىن بۇ ئىشنى ئېنىقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مۇناسىۋەتلىك رەھبەر «قان ئەۋرىشكىسىدە راستتىنلا ئەيدىز ۋىرۇسى بار ياكى يوقلۇقىنى» ئېنىقلاش رەنە پۇلى ئۈچۈن 150 يۈەن ئالغاندىن كېيىن، بۇ ئىش ناھىيىمىز تارىخىدا تۇنجى كۆرۈلگەن ئىش بولغاچقا، بىز يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا بويسۇنمىساق بولمايدۇ، دېدى.

ھەش - پەش دېگۈچە يىل ئۆرۈلۈپ، 1997 - يىلى يېڭى يىلمۇ كەپقالدى. تۈگىمەس تەكشۈرۈشلەرنىڭ ھېچ ئايىغى چىقاي دېمەيتتى. لى جوجۈن ئەر - خوتۇننىڭ ئىچى سىيرىلدى. كۆز ياشلىرى توختىمىدى. 10 - يانۋار ئۇلار ناھىيىلىك ئەرزىيەت ئىدارىسىغا بېرىپ، مەسئۇل رەھبەردىن ئۆزلىرىگە باشپاناھ بولۇپ بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىشنى ئۆتۈندى. بىراق، ئەرزىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقىمۇ ئۇلارنىڭ يەنە بىر قېتىم سەھىيە ئىدارىسىغا بېرىپ بېقىشىنى تاپىلاپ، چىرايلىق گەپلەر بىلەن يولغا سېلىپ قويدى. شۇ كۈنى كەچتە، لى جوجۈن ئەر - خوتۇن غەزەپ - نەپرەت ئىچىدە ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىغا، ناھىيە ھاكىمىغا، دائىمىي كومىتېت مۇدىرىغا، سىياسىي كېڭەش رەئىسىگە ئەھۋالنى ئېيتىپ خەت يازدى. بىراق ئەۋەتىلگەن خەتلەر سۇغا چۈشكەن تاشتەك يوقىلىپ ھېچكىمدىن سادا چىقمىدى. 17 - فېۋرال پۈتۈنلەي ئامالسىز ئەھۋالدا قالغان لى جوجۈن ئەر - خوتۇن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىغا ياردەم سوراپ تېلېفون بەردى. 27 - فېۋرال مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئىككى مۇخبىرى خېنەن ئۆلكىلىك سەھىيە نازارىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا شىنىي ناھىيىسىگە كەلدى. ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، بۇ ئىشتا ئەزەلدىن سوغۇق مۇئامىلە قىلىۋاتقان ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى بىردىنلا پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ماشىنا ئەۋەتىپ لى جوجۈن ئەر - خوتۇننى ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ يىغىن زالىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار كەلگەندە سەھىيە ئىدارىسىنىڭ يىغىن زالى ئاللىقاچان ناھىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى بىلەن تولغان ئى-

دى. رەھبەرلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى لى جوجۇن ئەر - خوتۇنغا تەربىيە ئىشلەپ، شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقلىرىنى ياغدۇرۇۋەتتى. بىر مۇئاۋىن ھاكىم: ناۋادا بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالسا، ھېچكىممۇ ناھىيىمىزگە مەبلەغ سېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. شۇڭا «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە» دېگەندەك بۇ ئىشنى ئۆز ئىچىمىزدىلا بىر تەرەپ قىلساق، دېدى.

چۈشكىچە پەندى - نەسىھەت ئاڭلاپ، ۋەھىمىگە چۈشكەن لى جوجۇن ئەر - خوتۇن ئىشىك ئالدىغا كەلگەنلىرىدە ئىككى مۇخبىرنىڭ ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغىنىغا بىر ئاش پىشىم بولغانىدى. مۇخبىرلارنى كۆرۈپلا، ئۇلار ئىختىيارسىز تۆكۈلۈپلا كەتتى. ئەمدىلا مەكتەپتىن قايتقان لى مىڭمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى. بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ دەرد تۆكۈپ ئېيتقان سۆزلىرى، بىچارە تۇرقى مۇخبىرلارنىمۇ تەسىرلەندۈرۈۋەتتى، ھەممە ئىشنى سۆزلەپ ھاردۇقى چىققاندەك بولغان لى جوجۇن ئەر - خوتۇن ئېسىدىنى بىلىپ، چۈشتىن بۇرۇنقى «سەمىمىي چىرايلارنى، چىرايلىق پەندى - نەسىھەتلەر»نى ئويلاپ يېڭىۋاشتىن قورقۇنچقا چۈشۈپ مۇخبىرلاردىن بۇ ئىشلارنى ھەرگىزمۇ ئامىمىغا ئاشكارىلىماسلىقنى ئۆتۈندى.

مۇخبىرلار كەتتى. بۇ خەۋەرمۇ ئەتراپقا پۇر كەتتى. تونۇش - بىلىش، قولۇم - قوشنىلار خۇددى ۋابادىن قاچقاندەك لى جوجۇن ئائىلىسىدىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى. ئۇنىغانغا يونىغاندەك، لى مىڭ مەكتەپتىن چېكىندۈرۈلدى. تېخى تونۈگۈنكى لى مىڭنىڭ دوستلىرى، ساۋاقداشلىرى بىردىنلا ئۇنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭغا چالما - كېسەك ئېتىپ، تۈكۈرۈپ: «ھو مەرەز، بىزدىن نېرى كەت» دەپ تىللاشتى، ئامالسىز قالغان بىچارە ئاتا - ئانا ئوغلىنى يېزىدىكى ھاممىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. كىم بىلسۇن، بۇ خەۋەر يېزىغىمۇ تاراپ كەتكەچكە، يېزىدىكىلەر توپلىشىپ كېلىپ، لى مىڭنىڭ ھاممىسىغا: «بۇ مەرەزنى دەرھال كۆزدىن يوقات، بولمىسا ئۇنىڭغا قوشۇپ ئۆيۈڭگە ئوت قويىۋېتىمىز» دەپ ھاقارەتلەشتى. لى جوجۇن ئەر - خوتۇن ئوغلىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۆيىدىن تالاغا چىقارماي يېقىشقا باشلىدى. بىراق ۋەھىمىگە چۈشكەن قوشنا - قولۇملار تاشقى دۇنيادىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئايرىلىپ ياشاشقا مەجبۇر بولغان لى جوجۇن ئەر - خوتۇننى بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىشكە قىستىدى. چۈشەندۈرۈشلەر كار قىلمىدى. لى جوجۇن ئەر - خوتۇن قاتمۇ قات بېسىم، قورقۇش، ۋەھىمە ئىلكىدە، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ بۇ ئىشتىن تېزراق خۇلاسە چىقىرىشىنى كۈتۈشكە باشلىدى.

ئارىدىن يەنە ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى، ھۆكۈمەت تەرەپ جىمجىت. لى جوجۇن ئەر - خوتۇن سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇ بۇنىڭغا، بۇ ئۇنىڭغا ئىتتىرىپ ئىگە بولغۇدەك بىرەرسى چىقمىدى. غەزەپلەنگەن لى جوجۇن قولىغا قىڭراقنى ئېلىپ، بۇ بالا - قازانىڭ بېشىنى تېپىپ ھېسابلاشماقچى بولۇۋېدى. باشقىلار ئۇنى توسۇۋالدى. نېمە قىلىشنى بىلەلمەي خۇدىنى يوقاتقان لى جوجۇن غەزەپلەنگەندىن ئىككى قېتىم ئۆزىنىڭ سول بىلىكىنى چانىۋەتتى ۋە يەرگە كۆپۈپ تىزلىنىپ، قوللىرىنى سوزغىنىچە: ئاھ! تەڭرىم، بۇ تەڭسىزلىكلەرنى كۆرۈۋاتامدىغانسەن؟ دەپ يىغلىۋەتتى.

1997 - يىلى 24 - ئاپرېل، لى جوجۇن ئەر - خوتۇن بېيجىڭغا بېرىپ ئەرز قىلدى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ قايتا سۈرۈشتى بىلەن، 1997 - يىلى 15 - ماي، شىنىي ناھىيىلىك جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنىنىڭ گۇۋاھلىقىدا لى جوجۇن ئەر - خوتۇن A تەرەپ، شىنىي ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەرزىيەت ئىشخانىسى B تەرەپ بولۇپ، بىر كېلىشىمنامە تۈزدى. گەرچە لى مىڭ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقى راست، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، ئىقتىسادىي، روھىي زىيان تۆلىمىگە ئېرىشىش نىيىتى بولسىمۇ، بىراق، لى مىڭ بىرقانچە دوختۇرخانىدا خېلى ئۇزۇن داۋالانغانلىقى سەۋەبىدىن ئەيدىز ۋىرۇسىنى قەيەردە يۇقتۇرۇۋالغانلىقىنى ئېنىقلاش تەسكە چۈشكەن. شۇڭا ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ قايتا - قايتا خىزمەت ئىشلىشى بىلەن ئاخىر تۆۋەندىكىدەك كېلىشىمنامە ئىمزالانغان.

1. B تەرەپ A تەرەپكە بىر قېتىمدىلا 150 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىدۇ. بۇ پۇل (لى جوجۇن ئەر - خوتۇننىڭ ئەرز قىلىشقا خەجلىگەن پۇلى، ئوغلىنى داۋالىتىش پۇلى، خەۋەر ئېلىش پۇلى، ئىشسىزلىق پۇلى، كىرا ھەققى، ئوزۇقلىنىش ھەققى، روھىي زىيان تۆلىمى، شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق چىقىملىرىنى) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. لى مىڭ شىنىي ناھىيىسىدە كېسەل كۆرسەتكەندە چوقۇم ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن دوختۇرخانىدىكى بەلگىلەنگەن دوختۇر، سېستىراغا كۆرۈنۈشى، داۋالىنىش خىراجىتىنى ئاتا - ئانىسى تۆلىشى كېرەك.

3. A تەرەپ ھەرقانداق ئۇسۇل ياكى

www.uyghurkitap.com



باھانە ـ سەۋەب بىلەن لى مىڭنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىق ئىشىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخستىن سۈرۈشتۈرمەسلىكى كېرەك. كېلىشىمنامە ئالتە نۇسخا كۆپەيتىلىپ، جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھەرقانداق باھانە ـ سەۋەب بىلەن يېنىۋېلىشىغا بولمايدۇ.

كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، كېلىشىمنامە تۈزۈلگەن ۋاقىتتا لى جوجۇن ئائىلىسى بارلىق بىساتىنى ئوغلى ئۈچۈن سەرپ قىلىپ بولغان، قاتمۇ قات قەرزگە بوغۇلغان ئىدى.

## ئادۋوكات ئوتتۇرىغا چىقىپ، سوتقا ئەرز سۇندى

كېلىشىمنامە تۈزۈلگەندىن كېيىن، لى جوجۇن ئەر ـ خوتۇن بېيجىڭغا ئوغلىنى داۋالاتقىلى كەلدى. ئۇلار مەلۇم بىر خىل غەرب دورىسىنى ئۈزۈلدۈرمەي ئىشلەتكەندە، ئەيدىز ۋىرۇسىنى 99 پىرسەنت تىزگىنلەپلا قالماستىن، لى مىڭنىڭمۇ ساغلام يۈرەيدىغانلىقى، بىراق بۇ خىل دورا ئۈچۈن يىلىغا 250 مىڭ يۈەن كېتىدىغانلىقتىن خەۋەر تاپتى. لى جوجۇن ئەر ـ خوتۇن بالىسىنىڭ كېسىلى ساقايىدىغانلا بولسىلا بارلىقىنى چىقىرىشقا تەييار ئىدى. بىراق پۇل شۇنچە كۆپ تۇرسا، ئامال قانچە؟ بىردىنلا ئۇلار تۆلەم پۇلىنىڭ تولىمۇ ئازلىقىنى ھېس قىلدى.

1998 ـ يىلى 15 ـ ئاپرېل، ئۇلار خېنەن ئۆلكىسىنىڭ تيەنشىن ئادۋوكاتلار ئورنىغا بېرىپ، مەسلىھەت سورىدى. بۇ ئورۇننىڭ مەسئۇلى جياڭ جيەن ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئەبجەش ھېسسىيات ئىلكىدە ئۇلارغا ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىپ بەرمەكچى بولۇپ، بىۋاستە خېنەن ئۆلكىلىك يۇقىرى سوتقا ئەرز سۇنۇپ، شىنشى ناھىيىلىك قان پونكىتى، دوختۇرخانا ھەمدە رەھبىرىي ئورگان سەھىيە ئىدارىسىنى سوت مەيدانىغا تارتىپ چىقتى.

جياڭ جيەن سۇنغان ئەرزدە مۇنداق دېيىلگەن: ئاتا ـ ئانىسىدا ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ يوقلۇقى ئېنىق. ئالتە ياشلىق بالىنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىشىدىكى بىردىنبىر يول ـ ۋىرۇسنىڭ قان ئارقىلىق كىرىشى. دەۋاگەرنىڭ داۋالىنىش جەريانىدىن يۇقۇملىنىش سەۋەبىنى ئىزدىگىنىمىزدە ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ قان پونكىتىدىن ئېلىنغان قاننى تەكشۈرمەيلا سېلىشىدىن بولغان دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا، قان پونكىتى بىلەن دوختۇرخانىنىڭ بۇ ئىشتا باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ۋە خاتالىقى بار. ناھىيىلىك قان پونكىتى تولۇق، ئەستايىدىل تەكشۈرۈلمىگەن قاننى داۋالاش ئورنىغا ئاپىرىپ بەرگەن. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، دەۋاگەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئوغلىنىڭ يۇقۇملىنىش سەۋەبىنى ئىزلەپ قان پونكىتىغا بارغاندا، قاننى تەكشۈرگەنلىككە ئالاقىدار ھېچقانداق ئىسپاتقا ئېرىشەلمىگەن. قان پونكىتىمۇ دەۋاگەرنى قان بىلەن تەمىنلىگەندە، قاننىڭ لاياقەتلىككە دائىر ھېچقانداق بەلگە چاپلىمىغان. ناھىيىلىك دوختۇرخانا داۋالاش ئورنى تۇرۇقلۇق قاننى تەكشۈرمەيلا ئىشلىتىپ بالىنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان. دەۋاگەرنىڭ دوختۇرخانىغا بېرىشى ئاغرىقتىن خالاس بولۇش ئۈچۈن ئىدى. كىم بىلسۇن، ئۇنىڭ دوختۇرخانىدىن كىشى نامىنى ئاڭلىسىمۇ سەسكىنىدىغان مۇنداق نەس كېسەلنى يۇقتۇرۇۋېلىشىنى؟ داۋالاش، سەھىيە ئورۇنلىرى كېسەلگە شىپا، ئۆلۈمگە داۋا قىلىشتەك مۇقەددەس ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان تۇرۇقلۇق، ھاياتلىق مەسىلىسى بىلەن ئوينىشىپ، ئىنتىزام، تۈزۈم بويىچە ئىش كۆرمەي، ياخشى باشقۇرماي ئەيدىزدىن ئىبارەت بۇ جان ئالغۇچى ئەزرائىلنىڭ ئالتە ياشلىق بالىنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سېلىشىغا شارائىت ھازىرلىغان.

دەۋاگەرنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسى بارلىق ئەسلى ـ ۋەسلىنى تۈگىتىپ قاقشەنەم بولۇپ كەتتى. 150 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى قانداقمۇ بالىنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلالىسۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر دەۋاگەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ سورۇلۇپ كەتكەن تۇرسا، شۇڭا ناھىيىلىك قان پونكىتى بىلەن دوختۇرخانا دەۋاگەر ئائىلىسىنىڭ مۇشۇنداق زور بېسىمغا ئۇچراشتەك مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك. بىز سوت مەھكىمىسىدىن تۆۋەندىكىلەرنى تەلەپ قىلىمىز.

1. دەۋاگەرنىڭ يىللىق داۋالىنىشىغا 250 مىڭ يۈەن كېتىدۇ دەپ ھېسابلاپ، ئۇنى 50 يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ دېگەندىمۇ، جاۋابكار ئورۇنلار دەۋاگەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى 42 يىللىق ھاياتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا 10 مىليون 500 مىڭ يۈەن داۋالىنىش تۆلىمى بېرىشى كېرەك.

2. روھىي زىيان تۆلىمى ئۈچۈن، يەنە 500 مىڭ يۈەن بېرىشى كېرەك.

ئەرزنامىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خېنەن ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى مەزكۇر ئەرزنى نەنياڭ شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردى.

1999 - يىلى 19 - ئىيۇل دەنيالىڭ شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى مۇنداق ھۆكۈمنامە چىقاردى.

پۇقرالارنىڭ ھاياتى ۋە ساغلاملىقى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. بۇ ئەنزىدىكى دەۋاگەرنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىپ قېلىشىغا جاۋابكار ئورۇنلار مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ چوقۇم تۆلەم تۆلىشى كېرەك. دەۋاگەر ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغاندا ئارانلا ئالتە ياش. شۇڭا ئۇنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت سەۋەبىدىن يۇقۇملىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىككى قېتىملىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئاتا - ئانىدا ۋىرۇس بايقالمىغان. شۇڭا ئاتا - ئانىدىن يۇققان دېگەن قاراشمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. دېمەك پەقەت قان ئارقىلىقلا يۇققان دەپ ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن. ئەگەر جاۋابكار ئورۇن بۇ خىل ھۆكۈمنى ئىنكار قىلالىغۇدەك پاكىت كۆرسىتەلمىسە ئەيدىز ۋىرۇسى جەزمەن قان ئارقىلىق يۇققان دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

بۇ ھۆكۈمگە قارىتا ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى قان بەرگۈچىلەرنىڭ قېنىنى قايتا تەكشۈرۈش كېرەك دەپ قاراپ، قان نۇسخىسىنى قايتا تەكشۈرگۈزگەن. تەكشۈرتۈلگەن قانلار ساق چىققان. بىراق، قان پونكىتى، سەھىيە نازارىتى قان بەرگۈچىلەرنىڭ كىملىكى، بەدەن تەكشۈرۈش جەدۋىلى، سۈرىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ كۆرسىتەلمىگەچكە، ئەسلىدىكى قان بەرگۈچىلەر بىلەن قېنى قايتا تەكشۈرۈلگەنلەرنىڭ بىر ئادەم ياكى ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولمىغان. دېمەك، ناچار قاننىڭ قان ئىسكىلاتىغا كىرىپ قېلىشى، تەمىنلىگەن قاننىڭ تەركىبىدە ۋىرۇس بارلىقى ئېھتىمالغا يېقىن. گەرچە ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى بەزىلەرنى قان بەرگۈچىنىڭ قان بېرىش گۇۋاھنامىسى، كىملىكى، بەدەن تەكشۈرۈش جەدۋىلىنى كۆرگەن دەپ گۇۋاھلىققا تارتقان بولسىمۇ، پاكىت نەق بولمىغىنى ئۈچۈن سوت مەھكىمىسى بۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ.

مۇشۇنداق بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قان پونكىتى ۋىرۇسلۇق قان بىلەن تەمىنلىگەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ دەۋاگەرگە روھىي، جىسمانىي زىيان تۆلىمى تۆلىشى كېرەك. قان پونكىتى قانۇنلۇق قۇرۇلغان قانۇنىي كەسپىي ئورۇن، شۇڭا تارقىتىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئىلكىدىكى 113 مىڭ 754 يۈەننى دەۋاگەرگە تۆلەم پۇلى ھېسابىدا بېرىدۇ. ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى مەسئۇل ئورۇن بولۇش سۈپىتىدە گەرچە قان پونكىتىنىڭ تارقىتىۋېتىلىشىدە مەسئۇلىيىتى يوق دەپ قارالسىمۇ، بىراق قان پونكىتىنىڭ قەرز ئىشلىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل.

ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى داۋالاش ئورنى ھەرگىزمۇ قان مەھسۇلاتلىرىنى ياسىغۇچى ئورۇن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردا قان سۈپىتىنى تەكشۈرۈش شارائىتى ھازىرلانمىغان ھەم بۇ ھەقتە بەلگىلىمىمۇ يوق. ۋەزىپىمۇ يوق. دوختۇرخانىنىڭ بۇ يەردىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى - قاننىڭ ئىناۋەتلىك ۋاقتىغا، قاننىڭ تىپىغا، قاننىڭ قېتىۋالىدىغان - قېتىۋالمايدىغانلىقى، ئېرىيدىغان - ئېرىمەيدىغانلىقىغا قاراپ بىمارغا سېلىشتىن ئىبارەت. سوتتا ئەينى چاغدا ئىشلىگەن سېستىرانىڭ ئىسپات بېرىشىچە، ئۇ قان سېلىشتىكى ھالقىلارغا تولۇق دىققەت قىلغانلىقتىن، دوختۇرخاننى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلدى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. شۇڭا دوختۇرخانىنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ بالا بەدىنىدە ئورۇنلىشىشىدا بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى يوق دەپ قارىلىپ، بۇ ھەقتىكى جاۋابكارلىق مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دەۋا (民法) قانۇنىنى ئىجرا قىلىشنىڭ 119 - ماددىسى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق - تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ 19 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ.

1. ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى قان پونكىتىنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ، جەمئىي 113 مىڭ 754 يۈەننى دەۋاگەرگە تۆلەم سۈپىتىدە تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ قارار 10 كۈن ئىچىدە ئىجرا قىلىنىدۇ. قان پونكىتى ئۇنىڭدىن باشقا جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

2. شىنىي ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. دەۋاگەر تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان ئەرز ھەققى 6510 يۈەن كۆتۈرۈۋېتىلىدۇ.

ھۆكۈمنامە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، لى جوجۇن ئەر - خوتۇن يەنە قايىل بولماي، خېنەن ئۆلكىلىك يۇقىرى سوتقا ئەرز سۇندى

# يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى مائارىپ ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئاسىيە مۇھەممەد سالىھ

يەكەن خانلىقى دەۋرى مەدەنىيىتى شىنجاڭ تارىخىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ھەم رەڭدارلىقى بىلەن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ دەۋر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئوخشاش، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ يەنە بىر ئالتۇن دەۋرىنى ئاچتى. خانلىقنىڭ (خانى سەئىدخاندىن تارتىپ تاكى ئاخىرقى خانى ئىسمائىل خان دەۋرىگىچە بولغان) 170 يىل جەريانىدا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئىزچىل گۈللىنىش، راۋاجلىنىش ھالىتىدە تۇرۇپ كەلدى.

يەكەن خانلىقى مەدەنىيىتى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان ئىسلام مەدەنىيىتى ئىدى. مائارىپى بولسا، ئۇيغۇر ئىسلام مائارىپى بولۇپ، ئۇ پەننىي دەرسلىكلەر بىلەن دىنىي دەرسلىكلەر، تەبىئىي پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشتۈرۈلۈپ، كىرىشتۈرۈپ ئۆتۈلگەن. ئۇنىۋېرسال ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ئۆزگىچە بىر مائارىپ ئىدى. بۇ دەۋر ئۇيغۇر مائارىپى ئۇيغۇر ئىسلام مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ يۈكسەك پەللىسى ھېسابلىنىدۇ.

مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئىقتىسادىي بازىس ئۈستقۇرۇلمىنى بەلگىلەيدۇ. مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئۈستقۇرۇلمىنىڭ بىر قىسمى، شۇڭا مائارىپمۇ ئىقتىسادىي بازىسنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. پەقەت ئىقتىساد تەرەققىي قىلىپ، زۆرۈر شەرت ـ شارائىتلار پىشىپ يېتىلگەندە ھەم تەرەققىيات ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىلغاندىلا، ئاندىن گۈللەنگەن مەدەنىيەت ـ مائارىپ ھالىتى بارلىققا كېلىدۇ. تۆۋەندە يەكەن خانلىقى مائارىپىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ھەم گۈللىنىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان ئامىللارنى كۆرۈپ باقايلى:

**1. سۇبيېكتىپ ئامىل.** بۇ دەۋر ئۇيغۇر مائارىپى نۇرغۇن ئەدىب، سەنئەتكار، ئالىم ۋە تارىخشۇناسلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. مەدەنىيەتنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مائارىپنىڭ تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ. مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشى ئەلۋەتتە شۇ دەۋر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ساپاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

سەئىدخاندىن تارتىپ تاكى ئىسمائىل خانغىچە بولغان خانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شائىر، ئەدىب بولغان. بۇ ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئاچىدىغان نۇرغۇن سىياسەتلەرنى يولغا قويۇشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى. ئۇلار مەرىپەتپەرۋەر بولۇپلا قالماي، ئۆزلىرىمۇ مۇنتىزىم تەربىيە ئالغان بىلىملىك كىشىلەر ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىلىم ـ مەرىپەتنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن ھەم كۈچەپ تەشۋىق قىلغان. سەئىدخان ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا يەنە پارس تىلىنى پۇختا ئىگىلىگەن، بىلىملىك، شائىر كىشى بولۇپ، تارىخىي خاتىرىلەردە ئۇنىڭ تۈركچە ھەم پارسچە شېئىرلارنى يازىدىغانلىقى ئېيتىلغان. ئۇ باتۇر، قان كېچىپ جەڭ قىلغان، ئۆز جاسارىتى ھەم ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ، سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان. ئۇ ئات ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىپ جەڭ قىلاتتى، قولىغا قەلەم ئالسا، شېئىر، بېيىتلارنى توقۇيتتى.

ئىككىنچى خان ئابدۇرەشىدخانمۇ يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى شائىرلارنىڭ بىرى شۇنداقلا مەشھۇر سىياسىيون، ھەربىي ئىستراتېگىيىچى ھەم مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئىدى. بەزى ماتېرىياللاردىن ئۇنىڭ «دىۋان رەشىدى» «سەلاتنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم. ئەمما بۇ ئەسەرلەر دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئابدۇكېرىمخان، مۇھەممەدخان قاتارلىقلارمۇ مەرىپەتپەرۋەر بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا ناھايىتى ئادىل بولۇپ، خەلق خاتىرجەم، جەمئىيەت مۇقىم بولغان. ئابدۇرەشىدخان كۆپ چاغلاردا قەلەندەر سۈپەتتە ساياھەت قىلاتتى. ① ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىمۇ مەملىكەتنى ئارىلاپ، خەلق تۇرمۇشىنى، جەمئىيەت ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش، ئادىللىق بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن بولغان. بۇ، ئۇنىڭ كۈنبويى ئەيش ـ ئىشرەتتە ئوردىدىن چىقمايدىغان، خەلق بىلەن كارى بولمايدىغان

پادىشاھلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ خەلقپەرۋەر، نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئەمەلىيەتچىل پادىشاھ ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. ئابدۇكېرىم خان ھەپتىدە ئىككى كۈن ۋاقىت چىقىرىپ، مەملىكەتتىكى بارلىق كاتتىۋاشلارنى يىغىپ، پۇقرالارنىڭ ئەرزىنى ئاڭلايتتى ھەم ئۇنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىشقا تاپشۇراتتى. ئۇ 30 يىل تەختتە ئولتۇردى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئادالىتى ھەم تەرەققىيپەرۋەرلىكى سايىسىدا مەملىكەت گۈللەندى. شاھ مەھمۇد جوراس ئۆز ئەسىرىدە، مۇھەممەدخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ئۇنىڭ «پۇقرالارنىڭ بېشىنى سىلىغان» لىقى ھەم «يەكەن شەھىرىنىڭ جەننەتكە ئوخشاش» لىقىنى ئالاھىدە قەيت قىلىپ ئۆتكەن. ئەسەردە بۇ خانلار شەنىگە توقۇلغان قوشاقلار نەقىل ئېلىنغان. دېمەك، يەكەن خانلىقى خانلىرىنىڭ بىلىملىك، ئادىل، مەرىپەتپەرۋەر ھەم خەلقپەرۋەر بولۇشى بۇ دەۋر مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ سۇبيېكتىپ شەرت-شارائىتىنى ھازىرلىغان. مۇشۇ ئالدىنقى شەرت ئاساسىدا، ئۇلار ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان نۇرغۇن سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ يولغا قويغان. ئۇلار ئىلىم-مەرىپەت ئىشلىرىنى قوللىدى، ئىلىم-ئەھلىلىرىنى ھۆرمەتلىدى ھەم ئۇلارنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى ئۈچۈن سورۇن ھازىرلاپ بەردى، شۇنداقلا بۇ خىل ئىلمىي پائالىيەتلەرگە ئۆزلىرىمۇ باشلامچىلىق بىلەن قاتناشتى. شۇنداق بولغاچقا يەكەن خانلىقى مائارىپى قاراخانىيلار مائارىپىنىڭ داۋامى ۋە ئەۋجى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى ۋە ئۇيغۇر ئىسلام مائارىپىنىڭ يۈكسەك پەللىسى بولۇپ قالدى. بۇ دەۋر مائارىپى ئۇيغۇر قەدىمكى زامان مائارىپىنىڭ تۈگەنچىسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇر مائارىپى خوجىلار دەۋرىدىكى بۇرۇقتۇرما، جاھالەتلىك يىللارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر يېقىنقى زامان مائارىپى دەۋرىگە كىرىپ كەتتى.

**2. ئوبيېكتىپ ئامىل.** سەئىدخان زالىم ھۆكۈمران ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يەكەن خانلىقىنى قۇردى. بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈردى. ئابابەكرى ئۇنىڭغا ئىقتىسادى ۋەيران بولغان، خەلقى بۇلاڭ-تالاڭ ھەم زۇلۇم دەستىدىن ھالىدىن كەتكەن بۇ يۇرتنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئىككى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشمۇ خەلق ئاممىسىغا زور بالايى-ئاپەت ھەم بەختسىزلىك ئېلىپ كەلدى. شۇڭا سەئىدخان ئەڭ ئاۋۋال ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىر قىسىم ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنى يولغا قويدى.

سەئىدخان تەختكە چىقىپلا ئەڭ ئاۋۋال پۇقرالاردىن ئېلىنىدىغان 10 يىللىق باج-سېلىق، ئالۋان-ياساقنى كەچۈرۈم قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. دۆلەت خەزىنىسىدىكى بايلىقنى دۆلەت ئەركانلىرى، قوماندانلار، قوشۇن ۋە پۇقرالارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. ۋەيران بولغان شەھەر ۋە يېزىلارنى قايتا قۇرۇشقا يارلىق قىلدى. سەرگەردان بولۇپ يۇرتتىن چىقىپ كەتكەن ئاھالىنى قايتىپ كېلىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا چاقىردى.

ئۇ قىلغان ئىككىنچى ئىش، خانلىق قۇرۇلۇشى بىلەنلا، ئاھالە كۆچۈرۈپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىياسىتىنى قوللاندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە نۇرغۇن يېڭى يېزا-كەنتلەر مەيدانغا كەلدى. ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى كېڭىيىپ ئىقتىساد راۋاجلاندى. سەئىدخان مەرىپەتپەرۋەر بولۇپلا قالماي، يەنە ئىنسانپەرۋەر ھەم تىنچلىقپەرۋەر خان بولغاچقا، شۇ چاغلاردا تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ تۇرغان ئاكىسى مەنسۇرخان بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن يارىشىپ، ئوتتۇرىسىدىكى كونا ئۆچ-ئاداۋەتلەرنى يۇيدى. شۇ ئارقىلىق بىر مەيدان قانلىق كۈرەشنىڭ ئالدىنى ئالدى. بۇ، ئۇنىڭ دۆلەتنىڭ تىنچلىقى، خەلقنىڭ ئامانلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزلەپ قىلغان ئۈچىنچى مۇھىم ئىشى.

شۇنداق قىلىپ، ئىقتىسادىي ھەم سىياسىي زۇلۇمدىن خالاس بولغان خەلق ئاممىسى ۋەيران بولغان يۇرت-ماكانلىرىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ چىقىش ھەم ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى.

ئابدۇرەشىدخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، خەلقنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن، ئۆز زېمىنىنى قوغداش بىلەن بىللە، يەنە ئۇرۇشتىن ساقلانغان. ئۆشرە-زاكاتتىن باشقا ئالۋان-ياساقلارنى بىكار قىلغان. ئۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق ۋە سودا قاتارلىق ساھەلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، بىرقەدەر نىسبىي تىنچ ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى. ئابدۇكېرىم خان بولسا، ئالدىنقى خانلارنىڭ ھەر خىل سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈملىرىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلغاندىن باشقا، يەنە تېخىمۇ كەڭ ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى يولغا قويدى. دېھقانلار ۋە قول-ھۈنەرۋەنلەرنىڭ سېلىقىنى كېمەيتتى. ئۆز دەۋرىدە ئۇ «ئابدۇكېرىم خان ئادىل» دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازاندى. مۇھەممەدخان

www.uyghurkitap.com

دەۋرىدە، ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكلىرى بېسىقىپ، ئىگىلىك راۋاجلاندى. سودا ھەم سۇ ئىنشائات ئىشلىرى كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلىدى.

1602 ـ 1603 ـ يىللىرى يەكەنگە كەلگەن پورتۇگالىيەلىك مىسسىئونېر بېنوفىت يەكەن ھەققىدە مۇنۇ خاتىرىلەرنى قالدۇرغانىدى: «بۇ يەردە سودىگەرلەر ساينىڭ تېشىدەك كۆپ ئىكەن، ماللىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، بازارلىرى بەك ئاۋات ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، قەشقەر، ئاقسۇ، تۇرپان، قۇمۇلمۇ مۇھىم سودا شەھەرلىرىدىن ئىكەن.» ③

ئابدۇللاخان 1638 ـ يىلى تەختكە چىقتى. بۇ مەزگىلدە خانلىققا تەۋە قازاق، قىرغىزلارنىڭ مۇستەقىل بولۇۋېلىشى ۋە خان ئەۋلادلىرىنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش سەۋەبىدىن ئۇرۇشلار بولۇپ تۇرغان، ئىگىلىك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانىدى. خانلىقنىڭ زېمىن دائىرىسىمۇ كىچىكلەپ، ئاجىزلىشىپ قالغانىدى. مۇشۇنداق پەيتتە تەختكە ئولتۇرغان ئابدۇللاخان ھەربىي جەھەتتە، بۆلۈنمىچىلىككە خاتىمە بېرىپ، قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىپ، خانلىقنى ئىلگىرىكى كۈچەيگەن مەزگىلدىكى ھالەتكە ئېلىپ كەلدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، سودا ـ سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇپ يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر قىسىم ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى يولغا قويدى. ئۇ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، خۇددى مۇھەممەدخان قىلغانغا ئوخشاش، نۇرغۇن ئۆستەڭ قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ باردى. خوتەن كېرىيە شەھىرىدىكى تۆت چوڭ ئۆستەڭ ھازىرغىچە ئىشلىتىپ كېلىنىۋاتقان توما (سۇ نۆۋىتى) قانۇنى دەل ئابدۇللاخان زامانىدا يولغا قويۇلغان. ④

قىسقىسى، سەئىدىيە خانلىقى خانلىرى ھەربىي ئىشلاردا داۋاملىق كۈچلۈك ھەم مۇقىم ھالەتتە تۇرۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، تاشقى جەھەتتە تىنچ مۇھىت بەرپا قىلدى. ئىچكى جەھەتتە، خەلققە پايدىلىق، جانلىق سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ ھەم يولغا قويۇپ، تىنچ ھەم گۈللەنگەن ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى. خەلق ئاممىسى جەمئىيەتنىڭ مۇقىم، ئىگىلىك راۋاجلانغان تىنچ شارائىتتا، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ھەم ئۇنىڭغا تۆھپە قوشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇنىڭ بىلەن مائارىپ ئىشلىرى يۈكسەك تەرەققىيات ۋە گۈللىنىش ھالىتىدە تۇرۇپ كەلدى. يۇقىرىقىدەك گۈزەل شارائىتتا بارلىققا كەلگەن يەكەن خانلىقى دەۋرى مائارىپى ئۆزىگە خاس بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. مائارىپنىڭ ئۇل تېشى بولغان مەدرىسىلەر سانى، كۆلىمى جەھەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن روشەن پەرقلەندى. جۈملىدىن زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىدى. خانلار ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە مەدرىسە سېلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ مەدرىسىلەر سان جەھەتتىن كۆپ، كۆلەم جەھەتتىن كەڭ، سۈپەت جەھەتتە يۇقىرى بولغان ئۇيغۇر ئىلىم ـ پەن مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان نۇرغۇن ئالىملار، ئەدىب ـ شائىرلار مانا مۇشۇ مەدرىسىلەردە تەلىم ئالغان. مۇشۇ مەدرىسىلەردە مۇدەررىس بولۇپ، ياشلارغا تەلىم بەرگەنىدى. خانلىق ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىن پۇل ئاجرىتىپ، مەركەز ۋە جايلاردا نۇرغۇن مەدرىسىلەرنى سالدى. يەكەن شەھىرى خانلىقنىڭ مەركىزى بولغاچقا، بۇ جايدىكى مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى باشقا جايلارغا قارىغاندا بالدۇر ھەم تېز بولدى. مەدرىسىلەرمۇ باشقا جايلارغا قارىغاندا كۆپرەك قۇرۇلدى. مەركەزدىن باشقا، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋە كۇچا قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن مەدرىسىلەر مەيدانغا كەلدى. قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسە، ساقىيە مەدرىسى، يەكەندىكى يېشىل مەدرىسە، رەشىدىيە مەدرىسىسى، جامە مەدرىسى، ئاقسۇدىكى بەيتۇللا مەدرىسە، كۇچادىكى ساقساق مەدرىسى قاتارلىقلار مەشھۇر مەدرىسىلەردىن ھېسابلىناتتى.

يەكەندە 47 ئورۇندا مەدرىسە بەرپا قىلىندى. يەكەن شەھىرىدىكى رەشىدىيە مەدرىسىلا 360 ھۇجرىلىق بولۇپ، 2 قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنغانىدى. بۇ يەردە 437 مۇنچا، مۇستەپخانا بار ئىدى. ⑤

بەزى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، شۇ چاغدا سېلىنغان خانىقا 948، مەسچىت 585، قۇرۇلغان مەكتەپلەر 2263 كە يەتكەنىدى. ⑥

مەھەللىۋى مەكتەپلەرمۇ نەچچە يۈزگە يەتكەن بولۇپ، پۈتۈن خانلىق دائىرىسىدە مائارىپ ئاساسەن ئومۇملاشقانىدى. سەئىدىيە دۆلىتىگە تەۋە ھەر بەش كەنتتە تۆتتىن مەكتەپ ياكى مەدرىسە، ھەر ئىككى كەنتتە بىردىن خانىقا ياكى مەسچىت بولغان. ⑦

مەدرىسىلەرنىڭ قۇرۇلۇشلىرى ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ كۆپ ئىدى. يەرلىكلەردىن باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا قاتارلىق جايلاردىن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار يەكەن ھەم قەشقەرگە كېلىپ مەدرىسىلەردە ئوقۇيتتى. ئابدۇرەشىدخان مەزگىلىدە «ئىراق، ئىراننىڭ تەبرىز، شىراز شەھەرلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادىـ

كى خارەزىم، سەمەرقەند، ئەنجان ۋە خوراسان دۆلىتىدىكى بەلخ، تۈرك ئوسمانلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلامبۇل (ئىستامبۇل). قاتارلىق جايلاردىن يەكەن خانلىقىنىڭ ئاق مەدرىسىگە كېلىپ تەلىم ئالغان.» ⑧

مەركىزدىكى ھەم چوڭراق شەھەرلەردىكى مەدرىسىلەرنى، چوڭراق مەدرىسىلەرنى خان ئوردىسى بىۋاسىتە تەمىنلەيتتى. باشقا مەدرىسىلەر ئاساسەن ۋەخپە زېمىنلارنىڭ كىرىمى ۋە ئۆشرە - زاكات كىرىمى ئارقىلىق تەمىنلەيتتى. خانلار نۇرغۇن زېمىن جۈملىدىن يەر، تۈگمەن، دۇكان ساراي دېگەنلەرنى ۋەخپە زېمىن قىلىپ ئايرىپ بەرگەن. مەسىلەن: ئابدۇكېرىمخان دەۋرىدە ئۆشرە - زاكاتنى مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەن ھەم يولغا قويۇلغان. ئابدۇللاخان مەدرىسىلەرگە نۇرغۇن يەر - زېمىن ۋەخپە قىلىپ بەرگەن. بۇ ۋەخپىلەردىن كىرىدىغان كىرىم مەدرىسە ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.

يېڭى مەدرىسىلەر بەرپا قىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە ئەسلىدە بار بولغان مەدرىسىلەر كېڭەيتىپ قۇرۇلدى ھەم كونىلىرى رېمونت قىلىنىپ يېڭىلاندى. مەسىلەن: ئوردا خەزىنىسىدىن پۇل ئاجرىتىپ، قەشقەر شەھىرىدىكى ساجىيە مەدرىسى، چاسا مەدرىسە، كونا ئوردا مەدرىسى، ئوردا ئالدى مەدرىسى قاتارلىق بىر تۈركۈم قەدىمكى ھەم داڭلىق مەدرىسىلەرنى رېمونت قىلىپ يېڭىلىدى.

مەكتەپلەردە ئۆتۈلىدىغان دەرسلەردىن ئەرەب تىلى، پارس تىلى، ئۇيغۇرتىلى، ئەدەبىيات، لوگىكا، قۇرئان، ھەدىس قاتارلىق دىنىي ئىلىملەر، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، لوگىكا، تېبابەتچىلىك، خىمىيە، خەتتاتلىق، مۇزىكا، پەلسەپە قاتارلىقلار بار ئىدى.

يەكەن خانلىقى ئۇيغۇر ئىسلام خانلىقى بولغاچقا، دىنىي دەرسلەرنىڭ مەلۇم سالماقنى ئىگىلىشى تەبىئىي ئەھۋال. دىنىي ھەم پەننىي دەرسلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۆتۈش يەنى بۇ خىل ئۇنىۋېرسال مائارىپ ئۇيغۇر ئىسلام مائارىپىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ دەۋردە يېتىشىپ چىققان ئالىملارمۇ مۇشۇ خىل ئۇنىۋېرسال مائارىپنىڭ مەھسۇلىدۇر.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە، مۇزىكا مەكتەپلىرى، ھەربىي مەكتەپلەر ھەم تېببىي مەكتەپلەر قۇرۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئوردا خانلىق كاتىباتخانا (دىۋانخانا) قۇرۇلۇپ، داڭلىق ئالىم ھەم ئەدىبلەرنى توپلاپ، مەشھۇر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ كۆچۈرۈپ تارقاتتى. ئۇ ئەسەرلەر ئۆز نۆۋىتىدە مائارىپ ئۈچۈن خىزمەت قىلدى ھەم يېزىلىرى بۈ-

گۈنكى كۈنگىچە يېتىپ كېلىپ، تەتقىقات ئىشلىرىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ قالدى.

مەدرىسىلەرنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن داڭلىق ئالىم ۋە شائىرلاردىن مەۋلانا خۇلقى، سەئىدى، نەفىسى، مىرزا ئىمرەك چالىش، موللا يۇسۇپ كاشغەرى، خوجا ئابدۇررازاق، مەخمۇت جوراس، خوجا سالىھى قاتارلىقلار يېتىشىپ چىقىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

2. بۇ دەۋردە ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات ساھەسىدە پارس تىلىنىڭ قوللىنىش دائىرىسى كېڭەيدى. بۇ، مائارىپ ساھەسىدىمۇ ئەكس ئەتتى ھەم مائارىپ ئىشلىرىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى.

قاراخانىيلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب مەدەنىيىتى بارا - بارا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىغا ئۆزگەردى. ئەرەب تىلىدىكى نۇرغۇن سۆزلەر ئۇيغۇر تىلى ئىچىگە قوشۇلۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر تەدرىجىي ئىستېمالدىن قېلىشقا باشلىدى. ئەرەب تىلى ئومۇملىشىشقا باشلاپ، مەدرىسىلەردە دىنىي دەرسلەردىن باشقا، يەنە بىر قىسىم پەننىي دەرسلەرمۇ ئەرەب تىلىدا ئۆتۈلدى. ئەرەب تىلىنى بىلىش ھەم ئەرەب تىلىدا ئەسەر يېزىش بۇ دەۋر ئەدىبلىرى ھەم ئالىملىرى ئۈچۈن زۆرۈر ھەم ئەقەللىي بىر ئىش بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ دەۋردە نۇرغۇن ئەسەرلەر ئەرەب تىلىدا يېزىلدى. بۇ دەۋردە يەنە پارس تىلىمۇ تەدرىجىي سىڭىپ كىرىپ، ئەرەب تىلى بىلەن بىللە قوللىنىلدى. مەدرىسىلەردە پارس تىلىمۇ دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلدى. بىراق يەنىلا ئەرەب تىلى كۆپرەك قوللىنىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىمۇ پۈتۈنلەي ئىستېمالدىن قالمىدى. داڭلىق قامۇس «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەرەب تىلىدا يېزىلغان بولسا، «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مۇشۇ ئەنئەنە بويىچە داۋاملىشىپ، يەكەن خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇر تىلىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئامىللىرى تەدرىجىي كېمىيىپ، ئەرەب، پارس تىلى ئامىللىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. بۇ دەۋر مەدەنىيەت ساھەسىدە بولۇپمۇ پارس تىلى كۆپرەك قوللىنىلدى.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە نۇرغۇن مەشھۇر ئەسەرلەر پارس تىلىدا يېزىلدى. مەسىلەن: «تارىخى رەشىدى»، «تارىخىي رەشىدى زەيلى»، «تارىخى

www.uyghurkitap.com



شاھ مەھمۇد جوراس»، «ئانىس ئال تالىبىن»، «بەھر ۋۇلئەسرارخى»، «مەنكىب ئەل ئەخيار»، «ئىبىسلىزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ سىرلىرى» قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلەر پارس تىلىدا يېزىلغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تارىخىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، تا بۈگۈنكى كۈنگىچە قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. يەنە نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ پارس تىلىدا يېزىلغان، بۇنىڭدىن باشقا يەنە پارس تىلىدا يېزىلغان تۈرلۈك مەزمۇندىكى نۇرغۇن ئەسەرلەر شۇ دەۋردە پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

سەئىدخان بىلەن ئابدۇرەشىدخان پارس تىلىدا خۇددى ئانا تىلىغا ئوخشاش پىششىق بولۇپ، پارسچە شېئىرلارنى يازاتتى. بۇ دەۋردە خانلىق ئىچكى ـ تاشقى ئىشلاردا پارس تىلىنى قوللاندى. بۇخىل مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ مائارىپقا تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەدرىسىلەردە ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنىڭ 70 پىرسەنتى پارس تىلىدا ئۆتۈلدى. دىنىي دەرسلەر ئەرەب تىلىدا، ئەخلاق ھەم ئەدەبىيات دەرسلىرى پارس تىلىدا ئۆتۈلدى. ⑨ پارس ئەدەبىياتى تەپسىلىي سۆزلىنەتتى، پارس كلاسسىكلىرىدىن ئابدۇرەھمان جامى، فىردەۋسى، سەئدى، ھاپىز شىرازى قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرى ئۆتۈلەتتى ھەم ئوقۇغۇچىلاردىن يادلاش تەلەپ قىلىناتتى.

مەدرىسىلەردە ئەرەب تىلى دەرس ئۆتۈلۈشى دىنىي ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ ھەم شۇ دەۋردىكى دىنىي مۇھىتنىڭ تەقەززاسى ئىدى. ھالبۇكى پارس تىلىغا كەلسەك ئومۇملىشىشى، پارس تىلى ھەم ئەدەبىياتىنىڭ مەدرىسىلەردە خېلى مۇھىم سالماقنى ئىگىلىشى، پارس مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بولغان كۈچلۈك تەسىرىدىن بولدى. ئۇ دەۋردە كىشىلەر پارس تىلىنى گۈزەل ھەم پاساھەتلىك تىل، دەپ قارايتتى. پارس ئەدەبىياتىغا ھېرىسمەن ئىدى، شۇڭا پارس تىلىنى ھەم ئەدەبىياتىنى دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈپ ئۆگەندى ھەم ئۇنى ئۆلگە قىلدى. شۇ دەۋردە ھەرقايسى ساھەدە كەڭ قوللىنىلغان ھەم «موداتىل‌راتىل»غا ئايلانغان پارس تىلى يەكەن خانلىقى ئۇيغۇر ئىسلام مائارىپىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلدى.

3. سەئىدىيە خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، سەنئەت ئىشلىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىشى، سەنئەتنىڭ جەمئىيەتتە ئومۇملىشىشى بىلەن سەنئەت مائارىپىنىڭ ساھەسىگە بۆسۈپ كىرىشى، بۇ دەۋر مائارىپىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە قارىغاندا، سەنئەتكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلدى. سەنئەت ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى سەنئەت تارىخىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى.

خانلىقنىڭ خانلىرى سەنئەتكە ھېرىسمەن بولغاچقا، ئوردىغا شائىرلارنى، سەنئەت ئۇستازلىرىنى، سەنئەتكارلارنى توپلىدى. سەئىدخان ھەم ئابدۇرەشىدخاننىڭ سەنئەتكە ھېرىسمەن ھەم ماھىرلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدىلىكى ئەلۋەتتە، پۈتۈن خانلىقنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا تەرەققىياتىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى. ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە، ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە ئۆگىنىش ئورنى تەسىس قىلىنىپ، ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ پېشۋالىرى خان ئوردىسىغا توپلاندى. ئامانىساخان، قىدىرخان قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى ئوردا ناخشا ـ مۇزىكا تەتقىقات ئورنى ئۇيغۇر مۇزىكىسى 12 مۇقامنى رەتلەپ قېلىپلاشتۇردى. ئامانىساخان شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇقامنى پىششىق بىلىدىغان سەنئەتكارلارنى تەكلىپ قىلىپ، سىستېمىلىق رەتلەش ئېلىپ باردى. 12 مۇقامنى باشقا تىل ھەم مۇزىكا تەركىبلىرىدىن ساپلاشتۇردى. پارچە مۇقاملارنى توپلاپ، بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئەسلىدىكى پارچە، تارقاق ۋە كىچىك ھەجىملىك ھالەتتىن چوڭ تىپتىكى مۇقام ھالىتىگە كەلتۈردى. مۇقام تېكىستلىرىنى رەتكە سېلىپ، ئۇنىڭدىكى چۈشىنىكسىز مەزمۇنلارنى چىقىرىۋېتىپ، ئۇنى نەۋائىي غەزەللىرى بىلەن بېيىتتى. داستان، مەشرەپ، سەلىقە قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەركىب تاپقان مۇقام مۇزىكىلىرى مۇشۇ دەۋردىن باشلاپ 12 مۇقام رىتىمىگە چۈشۈشكە باشلىغان. ئۇيغۇر سەنئىتى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىياتقا ئېرىشتى. بۇ دەۋردە ئىران، ئىراق، بەلغ، خارەزىم، ئەنجان، ئىستامبول، كەشمىر، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن نۇرغۇن كىشىلەر مۇزىكا ئۆگىنىش ئۈچۈن يەكەنگە كەلگەن ھەم مۇزىكىدىن تەلىم ئالغان. يەكەن ھەقىقىي ئىسمى جىسمىغا لايىق سەنئەت ئوچىقىغا ئايلانغانىدى. مانا مۇشۇنداق گۈزەل شارائىتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن خانلىق ئوردىسىدىن چىققان، مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان سەنئەت دولقۇنى جاي ـ جايلارغا يېتىپ باردى. مەركەزدە ھەم يەرلىكلەردە كەسپىي مۇزىكا مەكتەپلىرى ئېچىلدى. مەدرىسىلەرنىڭ دەرسلىكلىرىگە مۇزىكا دەرسلىرى كىرگۈزۈلدى. ئامانىساخان ھەم قىدىرخانلار مۇزىكا ئىلمىدە نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈردى. بۇلار ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ مۇزىكا ئۇستازى بولۇپ، مۇزىكىنىڭ تەرەققىياتى

ھەم ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تارىخىدا، مۇزىكا ئىلمىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى تەرىپىدىن كۆڭۈل بۆلۈپ قوللىنىشىغا ئېرىشىشى ھەم ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەپ، شۇنچىلىك زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى، مائارىپ ساھەسىدە ئۆزىگە خاس ئورۇنغا ئېرىشىشى تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ مۇكەممەللىشى ۋە ئۇنىۋېرساللىشىشى ئۈچۈن تاشلانغان دادىل قەدەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

4. يەكەن خانلىقى دەۋرى سوپىزم ئەۋجىگە چىققان بىر مەزگىل بولدى. خوجىلارنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك، كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەتلىرى نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ تەسىرى سىياسىي، مەدەنىيەت ھەم مائارىپ قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. يەكەن خانلىقى مائارىپىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، سوپىزمنىڭ مائارىپقا تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن ئىبارەت. بۇ ئالاھىدىلىك بۇ دەۋر مائارىپىنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى دەۋرلەر مائارىپىدىن روشەن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

سەئىدخان 37 ياشقا كىرگەندە، توۋا قىلىپ، شارابنى تاشلاشقا بەل باغلىدى. ⑩ ئۇ يەسەۋىيچىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ كۆز قاراشلىرىغا قىزىققان، كاتتا تەختنى ئىنىسىگە ئۆتۈنۈپ بېرىپ، تەركىدۇنياچىلىق يولىغا ماڭماقچىمۇ بولغان. ئۇ ھاكىمىيەت مەسىلىسىدە كۆپ قېتىم مەسىلىلەرنى شەرىئەت ھۆكمى بويىچە بىر تەرەپ قىلاتتى. ئۇ نەقشبەندىيەچىلاردىن خوجا جۇۋەندىگە قول بېرىپ مۇرت بولغان. ئابدۇرەشىدخانمۇ خوجا مۇھەممەت شېرىپكە قول بېرىپ مۇرت بولغان. مۇھەممەدخان دەۋرىگە كەلگەندە، سوپىزم ئەۋجىگە چىققان. مۇھەممەدخان خوجا ئىسھاققا قول بەرگەن. خوجا ئىسھاقنىڭ مۇرتلىرى نەچچە ئون مىڭغا يەتكەن. ئابدۇلەتىپخان بىلەن ئابدۇللاخان خوجا شادىغا قول بەرگەن. بۇ خوجىلار نۇرغۇن ۋەخپە يەرلەرگە ئىگە بولدى. كەڭ مۇرت توپلىدى. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئىجتىمائىي ئىگىلىك گۈللىنىپ، جەمئىيەت مۇقىم، تىنچ بولۇپ ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئىشلىرى كەڭ راۋاجلاندى. خانلىقنىڭ خانلىرى خوجىلارنى يەكەنگە تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى ھەم ئۇلارغا قول بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ــ ئۆزىنى ۋە تەسىرىنى كېڭەيتىشىگە، سىياسىي ۋە دىنىي ئىشلارغا ئارىلىشىشىغا كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. شۇنداق بولغاچقا، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى يەكەن خانلىقىدا راۋاجلىنىشقا ھەم چوڭقۇر يىلتىز تارتىشقا باشلىدى. تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرىشكە ۋە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. سىياسىي جەھەتتە، خانلار ئوتتۇرىسىدىكى تەخت تالىشىش كۈرەشلىرىگە ئارىلىشىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قول تىقتى. ئىقتىسادىي جەھەتتە كۆپ مال ــ مۈلۈككە ئىگە بولدى. شۇنداق ئىكەن، تەبىئىي ھالدا، شۇ دەۋر مائارىپىمۇ ئۆز تامغىسىنى باستى. مائارىپ ساھەسىدە، دەرسلىكلەرگە تەسەۋۋۇپ مەزمۇنلىرى كىرگۈزۈلدى. شۇ دەۋردىكى داڭلىق تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ ئەسەرلىرى مەدرىسىلەردە دەرس قىلىپ ئۆتۈلدى ھەمدە جەمئىيەتتە تەسەۋۋۇپ قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. مەسىلەن: ئىمام رەببانىنىڭ «مەكتۇبات»، جالالىدىن رۇمىنىڭ «مەنسىپى»، ھاپىز شىرازىنىڭ «بىدىل» قاتارلىق ئەسەرلىرى مەدرىسىلەردە رەسمىي دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلدى.

«سوپى ئاللا يار» ناملىق چوڭ ھەجىمدىكى ئەسەر ئىلمىي سورۇنلاردا ئوقۇلدى.

تەسەۋۋۇپنىڭ مائارىپ ساھەسىدىكى بۇ خىل تەسىرى تاكى يېقىنقى زاماندىكى يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىگىچە بولغان مەزگىلدە شىنجاڭ ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئىزچىل داۋاملاشتى ھەم بۇ رايوندا خېلى بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈردى.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

① شاھ مەھمۇد جوراس: «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 ـ يىل نەشرى، 18 ـ بەت.

② ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتى. 1991 ـ يىل نەشرى.

⑤ ④ ③ ھاجى نۇرھاجى: «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشرى، 184 ـ 192 ـ بەت، 225 ـ بەتلەر.

⑥ ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېركلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى) 73 ـ بەت.

⑨ ⑦ ئىبراھىم نىياز: «تارىختىن قىسقىچە بايانلار» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 ـ يىل نەشرى، 218 ـ، 206 ـ بەتلەر.

# مەدەنىيەت ۋە تىلىمىزدىكى بىر قىسىم كەپتەرۋازلىق مەدەنىيىتى ئاتالغۇلىرى ھەققىدە

بەھرىنىسا يۈسۈپ، يۈسۈپ ئىگەم

«مەدەنىيەت» ئىنگىلىز تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، بۇ ئاتالغۇ «روناق تاپماق»، «ئاق - پىكرى ئېچىلغان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان تۈپ سۆز «مەدەن» دىن تۈرلەنگەن. ① ئىككى يىلنىڭ مابەينىدە تىلىمىزدا «مەدەنىيەت» سۆزىنىڭ «يارىتىلما» ② دېگەن ماس ھالدىكى ئۇيغۇرچە ئاتالغۇسى پەيدا بولۇپ قوللىنىلماقتا. دېمەك، ئىنسانلار ياراتقان بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى يارىتىلمىلار مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىدۇر.

تىل - ئىنسانلاردا ئالاھىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بەلگىلەر سىستېمىسى. ئۇ ئادەملەر ئارىسىدا رول ئوينىغاندا ئۆز ئارا ئىپادىلەش ۋە ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋاسىتىسى، ئادەملەر ۋە ئوبيېكتىپ دۇنيا مۇناسىۋىتىدە رول ئوينىغاندا شەيئىلەرنىڭ تاش قورالى، مەدەنىيەتتە رول ئوينىغاندا مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنىڭ ھۆددىگەرى ۋە يارىتىلغان مەدەنىيەتنىڭ ئىسپاتىدۇر.

مەدەنىيەت - مەلۇم مۇئەييەن تىلنى ئىشلەتكۈچى ئىجتىمائىي كوللېكتىپتا مەۋجۇت بولغان تۇرمۇش مەھسۇلى (تىرىكچىلىك شەكلى) ھەمدە مەلۇم تۈردىكى ئىپادىلەش ئۇسۇلى؛ شۇڭا مەدەنىيەت بىلەن تىل زىچ باغلانغان بولغاچقا تىلنى ئۆزى پەيدا بولغان ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋە يەنە شۇ تىل ئىپادە قىلىۋاتقان مۇھىتقا باغلاپ تەتقىق قىلىش تىل تەتقىقاتىنى تېخىمۇ يېڭى ساھەلەرگە باشلاپ كېلىدۇ.

دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ تەبىئىي مۇھىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ئۇلارنىڭ ياراتقان مەدەنىيىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى تەبىئىي مۇھىت مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئاسلى. دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىرىكچىلىكى ئۇلار ياشىغان تەبىئىي تۇغال مۇھىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: قىرغىزلار ئاساسلىقى چارۋىچىلىقنى، ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى (ئولتۇراق مىللەتلەرنىڭ چارۋىچىلىقى)، ياپونلار بولسا دېھقانچىلىق بىلەن دېڭىزچىلىقنى تىرىكچىلىك ۋە ئىگىلىك شەكلى قىلغان.

تىرىكچىلىك ۋە ئىگىلىك شەكلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان مەدەنىيەت ئەڭ ئالدى بىلەن تىلدىكى سۆز - ئاتالغۇلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ياشاپ كەلگەن تارىم ئويمانلىقى، ئىلى ۋادىسى، يېنسەي دەريا ۋادىسى ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك مەدەنىيىتىنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىشىگە تازا ماس جايلاردۇر. بۇنىڭ تىلدىكى ئىسپاتىنى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى لۇغەت، قامۇس ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردىن كۆرۈۋالايمىز.

ئۇيغۇرلار ياراتقان ياقىمچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىنكاسى ۋە ئىسپاتى ھازىرقى كەپتەرۋازلىق ئاتالغۇلىرى ئارقىلىق بىلىنىدۇ.

كەپتەر - تىنچلىقنىڭ تىمسالى (سىمگەسى) خەلقئارادا خەت كەپتەرلىرىنىڭ ئالاقىدا ئىشلىتىلىدىغانلىقى سەۋەبىدىن كەپتەرۋازلىقنى ھەربىي تەنتەربىيە تۈرىگە كىرگۈزىدۇ. كەپتەر باقىمچىلىقى پەقەت شەھەرلەشكەن مىللەتلەردە بولىدۇ. كەپتەر باچكىسى ئۇيغۇر ئېبابىتىدە دورا، كەپتەرلەرنى كۆك ئاسماندا ئۇچۇرۇپ كۆزىتىش ئادەمنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ياخشىلايدۇ. كەپتەرۋازلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى (كەلگەنەكچىل) كەسىپ تۈرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا رەڭدار تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمى، شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا كەپتەر بەلگىلىك ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە. ھازىرغىچە لۇغەتلەرگە كىرگۈزۈلمىگەن ئۇيغۇرچە كەپتەر ئاتالغۇلىرىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىمىزنىڭ سۆز بايلىقىنىڭ بىر قىسمى، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن قەشقەر، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللە، شەھەر، ناھىيە بازارلىرىدىكى (مەسىلەن، قەشقەر ئوتتۇرا غەربىي ئاسيا

سودا بازىرى ) ئاغزاكى تىلدىكى بىر قىسىم كەپتەرۋازلىق ئاتالغۇلىرى ئىزاھ شەكلىدە كۆرسىتىلدى .

گەتلىمە كەپتەر چۈجىلىرىنىڭ تۇخۇمىدىن يېڭى چىققان تۈكسىز ۋاقتى .

نە (نەسى) ئەركەك كەپتەر .

جوگونا خوتەن شىۋىسىدە ئۇرغاچى (چىشى) كەپتەر .

باچكا بەدىنىگە تۈك چىقىشقا باشلىغان ، ئۇچالمايدىغان كەپتەر چۈجىسى .

نەۋەس باچكىدىن چوڭراق ئۇچۇرۇم بولغان كەپتەر .

كاردالڭ نەۋەستىن چوڭراق ، رەسمىي پەي چىقارمىغان . پەي ـ تۈك يېڭى ، رەڭگى توختىمىغان يېتىلمىگەن كەپتەر .

توقۇم كەپتەرنىڭ قانىتى ۋە قانات پەيلىرى .

پايپاقلىق كەپتەرلەرنىڭ تۈكلىرى ئۇلارنىڭ پاچىقى ۋە بارماقلىرىنى ئوراپ تۇرغان بولسا بۇ خىلدىكى كەپتەرلەر پايپاقلىق دەپ ئاتىلىدۇ .

قۇما كەپتەرلەر ئۈچۈن ياسالغان كېسەك ـ خىشلىق كىچىك ئۆي .

كوۋۇك كەپتەر ئۇۋىسى .

چۇۋادان كەپتەرلەرنىڭ تۈتى قۇشىغا ئوخشايدىغان تاجى .

قالاق كۆيلەش مەزگىلىدىكى كەپتەر .

ياپما كەپتەرنىڭ باش تۈكىنىڭ تۇمشۇقىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان قىسمى .

ئالدى چەڭ قاشلىقتا «ياپما» نىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان سۆز .

كەينى چەڭ قاشلىقتا «چۇۋادان» نىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان سۆز .

جالاباش باش تۈكى قالايمىقان ، رەتسىز كەپتەر .

دەمدەمەر ئائىلىلەردە كۆپ بېقىلىدىغان ئادەمدىن ئانچە ئۈركۈمەيدىغان ئېگىز ھەم كۆپ ئۇچالمايدىغان كەپتەر . ئادەتتە بەدىنى قانىتى قىزىل ياكى قارا رەڭدە بولىدۇ . قانىتى قىزىل بولسا «قىزىل توقۇم دەمدەمەر» ، قانىتى قارا بولسا «قارا توقۇم دەمدەمەر» ، قانىتى چالا ـ پۇلا قارا ، يا قىزىل بولسا «چالا توقۇم دەمدەمەر» ، بىر قانىتى قىزىل يا قارا يەنە بىر قانىتى ئاق بولسا «پۇچۇق توقۇم دەمدەمەر» ، پۈتۈن بەدىنى ئاق بولسا «شايى توقۇم دەمدەمەر» دېيىلىدۇ . ئادەتتە ، دەمدەمەر «ۋۇق ـ ۋۇق» قىلىپ ئۈنلەيدۇ . خوتەن دەمدەمىرىنىڭ باھاسى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ نەچچە يۈز سومغا يېتىدۇ .

مىگىز تىلىمىزدا «زەي يەردىن ئېگىز ياخشى ، كەپتەردىن مىگىز ياخشى» دېگەن سۆز بار . مىگىز ـ ئىقتىسادىي قىممىتى ئادەتتىكى كەپتەرلەرگە قارىغاندا يۇقىرىراق چېكىتلىك كەپتەر .

«قارا مىگىز» مىگىزنىڭ بىر تۈرى بولۇپ پەيلىرى قارا ياكى قاپ ـ قارا ، تۇخۇملىرى چېكىتلىك بولىدۇ .

كۆك پەيلىرى كۆكۈچ يا قارامتۇل بولغان ئەرزان باھالىق كەپتەر «ئاق كۆك» ، «ئوسما كۆك» ، «پەلەڭ كۆك» ، «گور كۆك» ، «مىگىز كۆك» ، «زاغ كۆك» دېگەن شالغۇت تۈرى بار .

توغرىقا «ئويۇنچى كۆك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇچقاندا مۇللاق ئېتىپ ئويۇن ـ تاماشا چىقىرىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان .

ئالاقارغا تۇمشۇقى كىچىك ، بېشى ۋە قۇيرۇقى قارا ، قالغان بەدىنى ئاق ، پايپاقلىق كەپتەر .

ئالا بوغۇز بېشىدىن بوغۇزىغىچە ئالا ياكى ئاقراق ، قالغان بەدىنى قارا ياكى كۆكۈچ رەڭدىكى كەپتەر .

گور («گورا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قىزغۇچ ۋە گۈل رەڭ بولىدۇ . ناۋات رەڭ گور دېگەن ئاچ رەڭدىكى تۈرى بار .

بۇغۇل پۈتۈن بەدىنى چىپار ، كىچىك تۇمشۇقلۇق كەپتەر . «تورلۇق بۇغۇل» ۋە «يىپلىق بۇغۇل» دېگەن تۈرى بار .

پەلەڭ بەدىنى قارا ، بېشى ئاق كەپتەر ، «چار پەلەڭ» ، «كۆك پەلەڭ» دېگەن تۈرى بار .

مايمۇنەك دۈمبىسى ئاق ، پوكىنى قىزغۇچ كەپتەر . بەزىلىرىنىڭ تۇمشۇقى ئۇزۇن ، بەزىلىرىنىڭ قىسقا بولىدۇ .

بىجىنەك ئۇزۇن ھەم قىسقا تۇمشۇقلۇق ، پۈتۈن بەدىنى ئاق كەپتەر ، بەزىلەر بۇنى «ئاقەك» دەپمۇ ئاتايدۇ . كۆزى قارا بولىدۇ .

قىزىلچى بېشى ۋە پوكىنى قىزغۇچ ، قالغان بەدىنى ئاق كەپتەر .

رەقشە قانىتى كۆكۈچ ، بەدىنى ئاق كەپتەر ، قانىتى قىزغۇچ ، قالغان تۈكلىرى ئاق بولغان «گورروقشە» دېگەن تۈرى بار .

چىبكەن بەدىنى قارا ، قانىتى ئاقراق ، دۈمبىسى چېكىتلىك كەپتەر .

بالداق پەيلىرىدە ئاق ياكى كۈلرەڭگە مايىل بالداق بار كەپتەر ، «تۆمۈررەڭ بالداق» ، «گور بالداق» ، «زاغ بالداق» دېگەن شالغۇت تۈرى بار .

توز قۇيرۇق يېقىنقى يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىرگەن كەپتەر تۈرى بولۇپ ، قۇيرۇقى

خوددى تۇزدەك ئېچىلىدۇ .

سۇمۇكا بەدىنى ئاق چېكىتلىك كەپتەر ، «ئاق چېكەن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

زاغ («زاغاق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) پۈتۈن بەدىنى تۇم قارا كەپتەر .

كوبۇرۇن بۇرنى گۆشلۈك ، سۇلۇق ئىشىشىقتەك يوغان ، جۇغىسىمۇ باشقا كەپتەرلەرگە سېلىشتۇرغان چوڭراق كەپتەر . خەنزۇ تىلىدا « 大鼻子 » دەپ ئاتىلىدۇ .

ماغ ئاقۇچ ، بۇغرۇل رەڭ كەپتەر .

كۆگەشكەل مارالبېشىنىڭ شەرقىدىكى چىغانچۆل ، تۇمشۇق دېگەن يۇرتلاردا كەپتەرنىڭ نامى .

ئەلەم ھەلەم دەپمۇ ئاتىلىدۇ . قەشقەردە ئۇچىغا لاتا باغلانغان ، كەپتەر ئۇچۇرغاندا سىلكىيدىغان تاياقنىڭ نامى .

ئۇيغۇرلار ياراتقان شەھەر مەدەنىيىتى ۋە شۇغۇللانغان كەسىپلەر بويىچە ئىنچىكە ئايرىشتىن شەكىللەنگەن يۇقىرىقى سۆزلەر تىلىمىزنى يايلاق مەدەنىيىتىنى پۈتۈنلەي ساقلاپ كېلىۋاتقان باشقا تۈركىي مىللەتلەر تىلى ۋە لېكسىكىسىدىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى .

ئىزاھلار :

① ئەمىن تۇرسۇن : «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2000 ـ يىل نەشرى .

② مۇھەممەدئەلى ئەھمەد : «ياشىق پەلسەپىلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2000 ـ يىل نەشرى .

مۇئەللىپلەر : قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتى مۇئەللىملىرى

(56 ـ بەتنىڭ داۋامى)

## پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللار


① ستون لويد : «مېسوپوتامىيە ئارخېئولوگىيىسى» لوندون نەشرى ، 1970 ـ يىل ، 90 ـ بەت ،ئېنگلىزچە .

③ ② شۇۋىنكەن : «شىنجاڭ مۇمىيالىرى ۋە توخرىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى» «ھىندى ـ ياۋروپا تەتقىقاتى» ژۇرنىلى ، 1995 ـ يىل 3 ـ سان ، 362 ـ بەت .

⑤ ④ كامال بالىقان : «گۆت تىلى ۋە تۈرك تىلى» «ئېردەم» ژۇرنىلى ئەنقەرە نەشرى ، 1990 ـ يىل ، 82 ـ ، 83 ـ بەتلەر .

⑥ خالد . كلوفورد : «سىرلىق سۈمېرلىقلار» جېجياڭ خەلق نەشرىياتى ، 2000 ـ يىل 3 ـ ئاي ،خەنزۇچە نەشرى ، 155 ـ بەت .

⑦ «يېڭى تاڭنامە» 22 ـ جىلد . جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى نەشرى ، 4157 ـ 4156 ـ بەتلەر .

⑨ ⑧ شېفىر «تاڭ دەۋرىدىكى سىرتتىن كىرگەن مەدەنىيەت» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى ، 1995 ـ يىل ، 533 ـ 554 ـ بەتلەر .

⑪ ⑩ برەنتۇن . ئى . دەنتىن : «ئەرەپ ئارخېئولوگىيە ۋەسىقىلىرى» ، دانىيە 1994 ـ يىل 47 ـ بەت ، ئىنگلىزچە .

⑬ ⑫ خاررىد . كرائېفورد . ۋە خالىد ئەل سىندى : «بەھرەيىن مۇزېيىدىكى تامغا ھەققىدە» دانىيە ، 1995 ـ يىل 113 ـ بەت .

⑭ «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2000 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 7 ـ بەت .


(مۇئەللىپ : شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتى مۇئەللىمى)

# هازىرقى ئۇيغۇر يېزىقى مەسىلىسىدە ئېھتىياتچانلىق، سالماقلىق بىلەن ئىش كۆرۈش لازىم

ئابدۇكېرىم رىشىت، ئابلىز مۇسا

يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ باشلامچىلىق قىلىشى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدا چىقىدىغان بىر قىسىم گېزىت - ژۇرناللاردا هازىر قوللىنىۋاتقان ئۇيغۇر يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدا «تەشەببۇسنامە»، «پىكىر»، «تەكلىپ» لەر ئېلان قىلىندى. خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنلىرى، مۇھاكىمە سورۇنلىرىدا يېزىق ئۆزگەرتىشكە دائىر پىكىر ۋە بايانلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ھەتتا تۈنجى ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقى لايىھەسىنىڭ بېكىتىلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەرلەر تارقىتىلىپ، كەڭ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ كۈچلۈك غۇلغۇلىسىنى قوزغىدى. ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆزگەرتىش كېرەكمۇ يوق دېگەن بۇ مەسىلىدىكى كەسكىن بەس - مۇنازىرە ۋە تالاش - تارتىش شۈبھىسىزكى، ئۇيغۇر يېزىقىغا بولغان كۆز قارىشى تۆۋەن، يېزىق جەھەتتىكى بىلىمى مۇكەممەل بولمىغان، ئۆز ئانا تىل - يېزىقىغا بولغان مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك بولمىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن مۇقەررەر هالدا ئۇلارنىڭ يېزىققا بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، يازما ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشتە، شۇنداقلا يېزىقنى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش، يېزىقىمىزنىڭ باشقا يېزىقلار بىلەن بولغان رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇش مۇھىتى ۋە تەسىرىنى كېڭەيتىش، ئۇيغۇر يېزىقىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش ئۈچۈن، ئىجتىمائىي شەرت - شارائىت يارىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېزىق ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلغۇچى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، هازىرقى ئوڭدىن سولغا يېزىلىدىغان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى كۆپ بولغانلىقتىن ئىملا خاتالىقى كۆپ يۈز بېرىدىكەن، خەنزۇ يېزىقى بىلەن ئارىلاش يازغاندا ئاسانلا زىددىيەت پەيدا بولىدىكەن، پەن - تېخنىكا ئۇچقاندەك راۋاجلىنىۋاتقان هازىرقى ئۇچۇر دەۋرىگە، كومپيۇتېر تېخنىكا تەلىپىگە تولۇق ماسلىشىپ كېتەلمەي كۈچلۈك خىرىسقا دۇچ كېلىۋېتىپتۇ، ئۇنى خەنزۇ، ئىنگلىز يېزىقلىرىنىڭ يېزىش يۆنىلىشىگە ماسلاشتۇرۇپ دەرهال ئۆزگەرتىش زۆرۈركەن.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، 1993 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللانغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق نىزامى» نىڭ 3 - ماددىسىدا «يېزىقنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە تىلنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، شۇ مىللەتتىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىپ ئېھتىياتچانلىق، سالماقلىق بىلەن ئىش كۆرۈش كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن.

بىزنىڭچە نۆۋەتتە يېزىق ئۆزگەرتىشنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىۋاتقان مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق بىرقانچە مۇھىم مەسىلىنى ئۆز نەزەرىدىن ساقىت قىلماسلىقى لازىم.

هازىرقى ئۇيغۇر يېزىقى پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۇزاق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا كۆپ قېتىم ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق تەدرىجىي شەكىللىنىش، مۇكەممەللىشىش، قېلىپلىشىش، مۇقىملىشىش باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ قائىدىلەشكەن، قانۇنلاشقان، تۇراقلاشقان يېزىققا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇزاق زامانلاردىن بۇيانقى تارىخىمىز، ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز، مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنىلىرىمىزنى يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەش، ئەۋلادلارغا ئاشۇ مەدەنىي مىراسلارنى يەتكۈزۈش، ئۆگىنىش رولىنى ئۆتەپ كەلدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە مىلادى 5 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇر قەدىمكى سوغدى يېزىقى ئاساسىدا ئۆز يېزىقىنى بارلىققا كەلتۈرگەن،

15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان 400 يىلغا يېقىن ئۇزاق تارىختا شەكىللەنگەن خاقانىيە (خانىدانلىق ) تىلى قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ ئاساسلىق تىلىغا ئايلانغاندىن كېيىن بۇرۇنقى توغرىسىغا يېزىلىدىغان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن ھالدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ئىگىلىگەنىدى . بۇ يېزىق بىلەن ئەينى چاغدىلا نەۋائىي چاغاتاي تىلىدىكى «مۇھاكىمە تۇل لۇغەتەيىن» (1499 ـ يىل ) قاتارلىق بىر يۈرۈش مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغانىدى . بۇ يېزىق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى مۇھىم ئامىل سۈپىتىدە ئانا تىلىمىزنى ئىپادىلەشكە ئىنتايىن مۇۋاپىق كەلگەن بىر قورال بولۇپ قالغانىدى . بۇ يېزىق ئانا تىلىمىزنى مۇكەممەل ئىپادىلەشكە ، مۇكەممەل قوزغىلىشقا ئىگە بولۇپ ، دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى يېزىقلىرىدىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدە قېلىپلاشتى . بۇ يېزىق ئىلمىي ، ئاممىباپ ، بەلگە ـ ئالامەتلىرى ئاددىي ، ساۋات چىقىرىش تېز ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشتا قولايلىق ، يېزىش ۋە ئوقۇش ئاسان ، قەغەز ئىسراپچىلىقى كەم بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن مىللىتىمىزگە تېز ئومۇملاشتى ، ئۇ ئىشلىتىشكە ئەپلىك ۋە ئىخچام بولۇشتەك ئەۋزەللىكى ئارقىلىق ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ساھەدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان قورال سۈپىتىدە تەدرىجىي تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى . ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا بۇ يېزىق خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيىتى ، ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ھەمدە تارىخىي مىراسلىرىغا قەدەر ئۆزلىشىپ ، سىڭىپ كەتتى . ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقى ئەۋلادلىرىمىز ئۇزاق زامانلاردىن بېرى قوللانغان سانسكرت يېزىقى ، قارۇشتى يېزىقى ، ئورخۇن ـ يېنسەي يېزىقى (تۈرك ـ رونىك يېزىقى ) ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تارىختا ئىجاد قىلىنىپ قوللىنىپ بىر مەزگىل قوللىنىپ كېيىن ئىسلاھ قىلىنىپ چۆرۈپ تاشلىۋېتىلگەن يېزىقلارنى قوللىنىش ئارقىسىدا ھازىرقى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى بارلىققا كەلگەن . بۇ يېزىقنى بىزنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىمىز ، مۇتەپەككۇرلىرىمىز ۋە دۇنياۋى لۇغەتشۇناسلىرىمىزدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقىرى «قۇتادغۇبىلىك» ، «دىۋان لۇغەتت تۈرك» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەرنى يازغاندىن تارتىپ تاكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر 1000 يىلغا يېقىن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ كەلگەنىدى . ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە بەكمۇ ماسلاشقان 32 ھەرپتىن تەشكىل تاپقان ، باشقا ھەرقانداق مىللەتنىڭ تىل تاۋۇشى ، ئورغۇ ـ ئىنتوناتسىيىسىنى يېقىملىق ۋە تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بىر مۇكەممەل يېزىق بولۇپ ، قەدىرلەپ قوللىنىشقا ئەرزىيدىغان ، ئىلغار يېزىقلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ يېزىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى شېئىر ، قوشاق ، ھېكايە ، رومان ، بېيىت ، داستان ، قىسسە ، ئوخشىتىش ، رىۋايەت ، ئەپسانە ، چۆچەك ، مەسەل ، ماقال ـ تەمسىللەرنى قېلىپلاشتۇرۇپ ، بېيىتىپ ، ئانا تىلىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن ، ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنى ۋە تۇرمۇش تارىخىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى . سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق ، دۇنيانىڭ ھازىرقى پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىنگلىز يېزىقىمۇ ، ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپادا ياشىغان نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ ، پەيدىنپەي راۋاجلىنىش ئارقىسىدا ئاخىرى ھازىرقى ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن . مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ، شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈرك تىل ئائىلىسىدىكى كەڭ خەلق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ ، جەمئىيەتتە ئەرەب ـ پارس تىل ـ يېزىقى ئارقىلىق تەربىيە ئالىدىغان ۋە ئۇنى قوللىنىدىغانلار كۆپەيگەن . زىيالىيلار قاتلىمىدا ئەرەب ۋە پارس يېزىقىدا ئەسەر يېزىش بىر خىل مودىغا ئايلانغان . بۇ ھالەتنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىشى بىلەن تۈركىي تىللىق زىيالىيلار پارسچە ، ئەرەبچە يېزىقلارغا ھەدەپ قارىغۇلارچە چوقۇنۇپ ، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىنى تۈرلۈك ژانىرلاردىكى يىرىك تارىخىي ئەسەرلەرنى يازغىلى بولمايدىغان تىل دەپ ھاقارەتلەشكەن . شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر يېزىقى بىر مەزگىل يېرىمى ئۇيغۇرچە ، يېرىمى پارسچە ياكى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئەرەب ، پارسچە يېزىقلار بىلەن يېزىلىپ ، تىل يېزىقىمىز بۇزۇلۇشقا قاراپمۇ يۈزلەنگەن . ئۇيغۇر ئالىمى ۋە شائىرى يۈسۈپ سەككاكى (1260 ـــ 1229 ) ئۇيغۇر يېزىقىدا گۈزەل بەدىئىي ئەسەرلەرنى يېزىپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پارس تىلى بىلەن يېزىلغان شېئىر شېئىر ھېسابلانمايدۇ ، دېگەن پىكىر ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرۇۋاتقان پەيتتە ئەينى ۋاقىتتىكى شېئىرىيەت دۇنياسىدا داغدۇغا چىقارغانىدى . 15 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇر ، شائىر ئەلىشىر نەۋائىي ھازىرقى ئۇيغۇر تىل يېزىقىنىڭ شەكىللىنىشىگە

ئىنتايىن زور تۆھپە قوشۇپ «مۇھاكىمە تۇل لۇغەتەيىن» (1499) دېگەن لۇغەتنى ئارقىلىق تىل يېزىقىمىزنى ئىنتايىن رەڭدار ، باي تۈسكە كىرگۈزۈپ ئەينى زاماندىكى ساپ ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ شەكىللە- نىشىگە تۈرتكە بولغانىدى . تۈركىي تىلىنىڭ لۇغەتكە باي ، ئەۋرىشىم ، يۈكسەك ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە تىل ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىپادىلەش قۇدرىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ، ئۇ ئارقىلىق گۈزەل شېئىر ، يارقىن ئەسەرلەرنى يازغىلى بولىدىغانلىقىنى شەرھلەپ ، هازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالغانىدى . 1000 يىللار مابەينىدە قوللىنىپ كېلىنىۋاتقان ئۆگىنىش ، ئوقۇش ، يېزىش ئەپلىك ۋە ئاسان بولغان خەلقىمىزنىڭ مەدەنىي ھاياتىنىڭ بىرى سۈپىتىدە خەلقىمىزنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئادەت ، ھېسسىيات ۋە تۇرمۇش شەكلى ، تىل ئارقىلىق ئىپادىلەش ئادىتىگە پۈتۈنلەي ماسلاشقان بۇ يېزىقنىڭ ئورنىغا چەت ئەلچە يېزىق زورلاپ تېڭىلسا ۋە دەسسىتىلسە ئۇ چاغدا تارىخ ، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي شارائىت سەۋەبى تۈپەيلىدىن مەدەنىيەت ، مائارىپ ، پەن - تېخنىكا جەھەتتە خېلىلا قالاق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ، مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن ئاز سانلىق مىللەت ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ تەلەپ قىلغان «ئىككى ئاساسەن» مۇ سان - سۈپەت جەھەتتىن يەنىلا ئۆلچەمگە يەتمەيۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ، ئەمدى خەت ساۋاتىنى چىقارغان مىليونلىغان ئوقۇرمەنلىرىمىز ، ئوقۇغۇچىلىرىمىز يېڭىۋاشتىن ساۋاتسىزلار قاتارىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئالدى كەينىدە ھازىرقى يېزىقىمىزنىڭ ئورنىغا «يېڭى يېزىق» نى قوللىنىپ تارتقان زىيان ۋە تەجرىبە - ساۋاقلىرىمىز تېخى ھېچقايسىمىزنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلگىنى يوق .

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ جۈملىدىن كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ، تارىخ تەرەققىيا- تى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر يېزىقى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى ۋە مۇقەددەس قانۇنىي مۈلكى بولۇپ ، ئۇنى ئۆزگەرتىش ياكى ئۆزگەرتمەسلىكتە خەلقلا بىردىنبىر پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە . دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ، «ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە» دەپ بەلگىلەنگەن ، دېمەك ھەربىر مىللەتنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاممىسى ئۆز تىل يېزىقىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ھەل قىلغۇچ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك . ئۇ چوڭ شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېھتىياجى ۋە رايى بويىچە ئەمەس بەلكى كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىكى بىر تۈۋرۈك بولغان يېزىقنى قوللىنىش زۆرۈرىيىتى بويىچە بىرتەرەپ قىلىنىشى لازىم . ئۇ ھەرگىز بىر قىسىم زىيالىيلار ، مۇتەخەسسىسلەر ئۆز مەيلىچە تاشلىۋەتسىمۇ ، ئىشلەتسىمۇ بولىدىغان ئويۇنچۇق ئەمەس . ئازادلىقتىن كېيىنكى تارىخنى مىسال قىلساق ، 1956 - يىلى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئوي - پىكرىگە ئاساسەن ، ئۇيغۇر يېزىقى شەكلى ئۆزگەرگەن رۇسچە يېزىق — سلاۋيان يېزىقىغا ئۆزگەرتىلىپ شىنجاڭ بويىچە كەڭ ئاممىنىڭ ساۋات چىقىرىشىدا ، مەكتەپلەردىكى دەرسلىكلەردە ، گېزىت - ژۇرنال ، مەتبۇئاتلاردا قوللى- نىلغانىدى . نەتىجىدە ئۇ زور مەدەنىيەت قالايمىقانچىلىقىنى پەيدا قىلدى : ئاخىرى خەلق ئىككىلىكى قىيىنچىلىققا يۈزلەنگەن . جۇڭگو - سوۋېت ئەللىرى ۋە پارتىيىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يىرىك- لەشكەندىن كېيىن سىياسىي سەۋەب تۈپەيلىدىن بۇ يېزىق 1962 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى . شۇنىڭدىن كېيىن يېزىق ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار يەنە خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھىسى ئاساسىدىكى لاتىنچە يېزىلىپ ئۇيغۇرچە ئوقۇلىدىغان «يېڭى يېزىق» نى قوللىنىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئۇنى سىياسىي ۋەزىپە سۈپىتىدە خەلق ئاممىسىغا تاڭدى . گەرچە ئۇ گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارارى ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى رەئىسى- نىڭ بۇيرۇقى ئارقىلىق تۆت يىل سىناق قىلىنىپ 1965 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن شۇ چاغدىكى سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئاممىۋى ھەرىكەت شەكلى ئارقىلىق مەجبۇرىي ئومۇملاشتۇرۇلغان بولسىمۇ ، يەنىلا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى يەنى ئوقۇش ۋە يېزىش داۋامىدىكى قولايسىزلى- قى تۈپەيلىدىن كەڭ ئاممىنىڭ تىل ئىستېمالىغا ماس كەلمەي ئامما تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنماي ، جەمئىيەتتە بىر ئەۋلاد ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ، شۇنداقلا پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەنىدى ، ھەتتا يېڭى يېزىقچە يېزىلغان ماقالە كونا يېزىقچە كۆچۈرۈلۈپ ئوقۇلۇپ ، ساۋاتسىز- لا كۆپىيىپ كېتىش ھالىتى شەكىللەنگەنىدى . ئۇنىڭدىن باشقا «يېڭى يېزىق» بىلەن «كونا يېزىق» گېزىت - ژۇرنال ، مۇھىم ھۆججەت ، تەشۋىقات ماقالىلىرىدا كەڭ قوللىنىپ «ئىسلاھات ئېلىپ

بارغانلىق»، «يېڭىلىقتا كۆچكەنلىك»، «دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلاشقانلىق»، «ئىلغار مىللەتلەرگە يېتىشۋالغانلىق»، «زامانىۋىلىشىشتا قاراپ يۈكسەلگەنلىك» دەپ كۆككە كۆتۈرۈلدى. ئاقىۋەتتە جەمئىيەت تەرەققىياتىدا، بولۇپمۇ مائارىپ جەھەتتە بىرقاتار ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈرگەندىن كېيىن شاللىنىپ كەتتى.

1978 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئارقىسىدا كەڭ ئاممىدىن پىكىر ئېلىپ كونا يېزىقنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈردى. ئەنە شۇ 20 يىلغىچە يېڭى يېزىق ئىشلەتكۈچى كەڭ ئامما ئۇياقتا تۇرسۇن، يېڭى يېزىق قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىمۇ «يېڭى يېزىق» نى پىششىق ئىگىلەپ بولالمىغان ئىدى. كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ پۈتلىكاشاڭنىڭ زىيىنىنى توندى. دېمەك، يېڭى يېزىقتىن ئىبارەت خەلقىمىزگە ياراشمىغان بۇ تاج خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، پسىخولوگىيىلىك روھىي ھالىتى، تىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىق ئوبيېكتىپ شەرت - شارائىتلارغا باقماي خاتا ھالدا يولغا قويۇلغانلىقىنى، ئالدىراڭغۇلۇق قىلىندىغان، شەكىلۋازلىق قىلىپ ساختىلىقتا ئۆندەيدىغان قىلمىشلارنىڭ خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ياش - ئۆسمۈرلىرىمىز باشلانغۇچ مائارىپتىن ئالىي مائارىپقا قەدەر بولغان ئون يىل بويىچە ھېسابلىغاندا ئىككى ئەۋلاد كىشىلەر يېڭى يېزىقنى تولۇق ئىگىلىيەلمەي ساۋاتىنى چىقىرالماي، كونا يېزىق قايتا ئەسلىگە كەلگەندىمۇ راۋۇرۇس خەت يازالمايدىغان، ھازىرغا قەدەر ئىملا قائىدىسىنى بىلمەيدىغان ئەھۋال بارلىقتا كېلىپ، يېزىق ئۆزگەرتىشنىڭ قۇربانلىق مېلىغا ئايلاندى.

يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ كومپيۇتېردا قوللىنىلىشى جەھەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتلار بولدى. ئۇيغۇرچە خەت مەشغۇلات سىستېمىسى ۋە مەتبەئە سىستېمىسى ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كېلىپ، ئەمەلىي قوللىنىپ، ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى ۋە خەتتاتلىق ئىشلىرى كومپيۇتېر ئارقىلىق قولايلىق شارائىتقا ئىگە بولدى، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئوڭدىن سولغا يېزىلىشى، ھەرپلەر سانىنىڭ كۆپرەك بولۇشى كومپيۇتېر تەتقىقاتچىلىرىمىزنى ۋە مۇتەخەسسىسلىرىمىزنى قورقۇتۇپ قالالمىدى. ئۇلارنى تېخىمۇ مۇھىم تەتقىقات تېمىسىغا يۈزلەندۈردى. كومپيۇتېردا ئوڭدىن سولغا يېزىش، ئوقۇش تەرتىپىنى كەشىپ قىلىش، ھەرپلەرنى ئىمكانقەدەر يىغىنچاقلاش، مەشغۇلات تەرتىپلىرى ۋە باسقۇچلىرىنى ئىلمىي، تېخنىكىلىق ئۇسۇل بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش ھەم ئاددىيلاشتۇرۇش بىزنىڭچە ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى تېزلىشىۋاتقان شارائىتتا يەڭگىلى بولمايدىغان، ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان چوڭ ۋە ئېگىز داۋان ئەمەس، سانى نەچچە 10 تۈمەندىن ئاشىدىغان خەنزۇچە خەتنىڭ كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈلۈشى، ئەرەب، ياپون يېزىقلىرىنىڭ كومپيۇتېردا قوللىنىلىشى بۇ دۇنيادا ئاللىقاچان رېئاللىقتا ئايلىنىپ بولدى. قانداقتۇر ئۇلار ئاۋۋال يېزىق ئۆزگەرتىپ ياكى ھەممىسى ئىنگلىزچىنى بىلىپ بولۇپ ئاندىن كومپيۇتېرنى قوللانغىنى يوق. كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسلىرى ئۈچۈن مەيلى بۇ يېزىقتا بولسۇن ياكى ئۇ يېزىقنى قوللانسۇن، ئوڭدىن يازسۇن ياكى سولدىن يازسۇن، يېزىقنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلىسىلا ئوخشاش بىر گەپ، ئۇيغۇر مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ مانا شۇنداق كامالەتكە يەتكەن ماھارىتىنى ئىگىلىشى تەلەپ قىلىنماقتا، ھازىر بۇنداق كىشىلەر يوقمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەس، 8 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىدىن تەركىب تاپقان ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدىغان قىسمى ساۋاتسىز بولۇپ تۇرۇۋاتقان چاغدا، ئۇيغۇر يېزىقىنى تەبىئىي پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە سىڭدۈرۈپ، دۇنياۋى يېزىقلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدۇرالايدىغان كىشىلىرىمىزنىڭ چىقىشى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى ۋە تەلىپى ھېسابلىنىدۇ. كومپيۇتېر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىرنەچچە ئادەمنىڭ بۇ خىل قىيىنچىلىقنى ھەل قىلالمىغانلىقى تۈپەيلىدىن نەچچە مىليون ئادەم ئۈچۈن ئىككى خىل يېزىقنى قوللىنىدىغان ۋەزىيەتنى پەيدا قىلىش، مىللىتىمىزنىڭ مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت، ئەدەبىيات، سەنئەت قۇرۇلمىسىدىكى زور قىيىنچىلىقنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ئەگەر ئەسلىدىكى كومپيۇتېر ئىجادچىلىرى خەتنى ئوڭدىن سولغا يېزىشتىن باشلىنىدىغان مەشغۇلات تەرتىپىنى ياراتقان بولسا، بىزنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىمىز ھازىرقى يېزىقنىڭ ئەكسىچە تەرتىپتىكى يېزىق بولغان بولسا ئەنە شۇ بىر خىل تېخنىكىلىق ئۆتكەل ئۈچۈنلا نەچچە مىليون ئاھالىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان يېزىقنى ئۆزگەرتىپ يۈرەمدۇق. ناۋادا بىز دۇچ كەلگەن ھەر قېتىملىق تېخنىكىلىق ئۆتكىلى ئۈچۈن بىر قېتىم يېزىقىمىزنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە ئۇ چاغدا مىللەتلەرنىڭ يېزىقىدىكى ئىزچىللىق يوقالغان بولما-

دۇ؟ ھازىرقى مەكتەپلىرىمىزدە ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن تارتىپ ئانا تىل بولغان ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشتىن سىرت 3 - يىللىقىدىن باشلاپ خەنزۇتىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشمۇ زۆرۈر شەرت قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت ئەل تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنى ئىگىلەشنىڭ بىر شەرتى سۈپىتىدە تەشەببۇس قىلىنىۋاتىدۇ. مۇنداق قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە ئۇنىڭغا كېتەرلىك ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنى يەڭگىللىتىمەن دەپ بىر مىللەتتىكى مىليونلىغان خەلققە يېزىق ئۆزگەرتىش يۈكى كۆپەيتىلسە بىز مۇشۇ بىر ئەۋلاد يېزىق ئۆزگەرتىش، ساۋات چىقىرىش بىلەنلا ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلىدىغان ھالەت شەكىللەنمەمدۇ؟ دەرۋەقە جەمئىيەتتە كومپيۇتېر تېخنىكىسى ۋە ئىنگلىز تىلى ئۆگەنمىسە 90 - يىللاردىن كېيىن شەكىللەنگەن بىلىم ئىگىلىكىنىڭ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەش ۋەزىيىتى ھەربىر كىشىگە نىسبەتەن گويا شاللىنىپ كېتىدىغاندەك بىر خىل خەۋپ - خەتەر تۇيغۇسىنى كەلتۈرۈۋاتىدۇ. كومپيۇتېرنى ئالساق ئۇ پەن - تېخنىكىسىدىكى بىر يېڭى بوسۇش، يېزىق ۋە ھەربىر تىلغا ئىگە مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇ بىر ئىنتىلىدىغان يېڭى پەن - تېخنىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسى، مەيلى لاتىن يېزىقى ياكى ئىنگلىز يېزىقىنى، ياكى خەنزۇ يېزىقىنى ئالايلى، ئۇ بەربىر بىر مىللەتنىڭ تىل - يېزىقى، شۇڭا كومپيۇتېرنى بىر پەن - تېخنىكا سۈپىتىدە، ئىنگلىزچە، خەنزۇچە تىل - يېزىقنى بىر مىللەتنىڭ تىل - يېزىقى سۈپىتىدە ئۆگىنىش لازىم. لېكىن ئىسلاھ قىلىمىز دەۋاتقان «يېڭى يېزىق» ئىنگلىز يېزىقى ئەمەس، يېڭى يېزىقنى ئىگىلەش ئىنگلىز تىلىنى ئىگىلەشكە ۋە ئىنگلىز يېزىقىنى قوللىنىشقا تېخىمۇ باراۋەر ئەمەس. كومپيۇتېر تىلى ئۈچۈن بىر يېزىق ئىشلىتىش، تۈرلۈك ئالاقە ۋە تۇرمۇش ئىشلىرى ئۈچۈن يەنە بىر يېزىق ئىشلىتىش، روشەنكى شۇ مىللەتنىڭ تىل - يېزىقى ۋە مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ قالاق ۋە يامان ئاقىۋەتكە قالدۇرىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى، پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپىنى «يېڭى يېزىق» قۇتقۇزىدۇ، ئۇ تىل تومار بولالايدۇ دەپ قاراش ئىنتايىن ئەخمىقانىلىق، بىز يېزىق ئۆزگەرتكىنىمىز بىلەن ئۇنى باشقا مىللەت ھامان چۈشەنمەيدۇ. بىلمەيدۇ ۋە ئوقۇيالمايدۇ. بىر مىللەتنىڭ تىلىنى ئىگىلەش يېزىقىنىڭ ئىلغارلىقىغا، يەنە بىر مىللەت يېزىقىغا ئوخشىشىپ يېزىق ئىجاد قىلىشقا، قوللىنىشقا باغلىق ئەمەس. بىر مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىنى كومپيۇتېرلا قۇتقۇزالايدۇ دەپ كومپيۇتېرنى تىل تومار قۇتقازغۇچ قىلىۋېلىشقا زادى بولمايدۇ. باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق تەرەققىياتىمۇ، قاششاقلىق، قالاقلىق، تېگىرقاش، قايمۇقۇش قاتارلىق باسقۇچلاردىن ئۆتۈپ، تەجرىبە - ساۋاق، مەغلۇبىيەتلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، يول ئېچىپ، يۈكسەك گورۇنغا كۆتۈرۈلۈشتەك جەرياندا شەكىللەنگەن، خەلقئارادىن ئېيتساق، ھازىرقى غەرب ئەللىرى ئوتتۇرا ئەسىردىن ئىلگىرى تەرەققىي تاپقان شەرق ئەللىرىدىن ئۆگەنگەن. شەرق ئەللىرىنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي، تەبىئىي، پەن - تېخنىكىسى جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى روناق تاپقۇزغان. مۇكەممەللەشتۈرگەن. لېكىن ئۇلار شەرق ئەللىرىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوبۇل قىلغان ئەمەس. شۇڭا ھەربىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەرقانداق ئىلىم - پەننى ئۆز ئانا تىلى ۋە ئەنئەنىۋى يېزىقىدا ئۆگەنسە ئەڭ ئاسان ۋە كەڭ دائىرىدە قوبۇل قىلالايدۇ. قوبۇل قىلىش دائىرىسىمۇ شۇنچە تېز ۋە يۈكسەك بولىدۇ. بىزنىڭچە كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە ھەل قىلالمايۋاتقان تۈرلۈك قىيىن مەسىلەلەرنى ھەل قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ يېزىق ئۆزگەرتىش بۇ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇپ مەنپەئىتىنى كۆزلىمىگەنلىك، ئۇلارنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلمىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ۋە خەلقلەر كومپيۇتېرنى ئاساسىي بەلگە قىلغان يۇقىرى پەن - تېخنىكىغا ئىنتىلمەكتە، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يېزىق ئۆزگەرتىش ئارقىلىق دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلاشقان، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى يېزىقلىرىنى تاشلىۋېتىش ئاساسىدا يېڭى پەن - تېخنىكىنى قوبۇل قىلىدىغان ئەھۋاللار تېخى كۆرۈنگىنى يوق. ئۇلار دۇنياۋى پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە زىچ ماسلاشتۇرۇپ مىللىي ئۆرپ - ئادەت ۋە مەدەنىيەت ئۆزگىچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە ماڭدى. ئۆز يېزىقلىرىنى كومپيۇتېردا بىمالال بىر تەرەپ قىلىپ، قىيىن تېخنىكىلىق ئۆتكەللەردىن ئۆتۈش ئارقىسىدا ھازىرقى زامان كومپيۇتېر مەشغۇلات سىستېمىسى تۈرلىرى بىلەن تولۇق ماسلىشىپ، ئىنتېرنېت تورى ۋە تور باسمىچىلىق ئىشلىرىدا راۋان ھالدا ئۆز يېزىقىنى بىر تەرەپ قىلىپ، پەن - مەدەنىيەت ۋە خەلقئارا ئالاقە مۇناسىۋەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ ماڭماقتا. دۇنيادا يۇمشاق دېتال تەرەققىياتى ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ بارىدۇ. بىزنىڭ يېزىق يۆنىلىشى-

www.uyghurkitap.com



مىزگە ئەتۇر بولغان ئىلغار تېخنىكىلار يەنە داۋاملىق مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن. بىز ھەربىر يېڭى پەن - تېخنىكا دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندە بىر قېتىمدىن يېزىقىمىزنى ئۆزگەرتىۋەتسەك ھەرگىز بولمايدۇ. كومپيۇتېر ئۈچۈن يېزىقىمىزنى ئۆزگەرتىپ شۇ يېزىق ئارقىلىق ئىنتېرنېت تورىغا كىرىپ ئۆز تىل - يېزىقىمىزنى پۈتۈن دۇنياغا تارقاتقان ئەھۋالدىمۇ ئۇنىڭ مەنىسىنى چەت ئەللىكلەر ئوقۇيالماسلىقى، بىلمەسلىكى مۇمكىن. ئۇ پەقەت شۇ تىلنى، يېزىقنى ئىگىلىگەن ۋە ئۆگەنگەن چەت ئەللىكلەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ ياكى يەنىلا ئۇيغۇر مىللىتى دائىرىسىدىلا ئەسقاتىدۇ، خالاس.

ئون يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە شەكىللەنگەن كومپيۇتېر مەشغۇلات سىستېمىسى ئارقىلىق كونا يېزىقتىكى گېزىت - ژۇرناللىرىمىزنى، كىتاب ماتېرىياللارنى چىقىرالايدىغان دەرىجىگە يەتتۇق. بىز ئۇيغۇرچە يېزىقنى بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق دېتاللىرىنى، ۋىندوۋس سىستېمىسىدىكى ئىلغار مەشغۇلات سىستېمىسىغا قاراپ يۈزلەندۈرۈشىمىز كېرەك. بۇنداق يۈزلىنىش پەقەت بىزنىڭ كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. ئۇ پۈتكۈل مىللەتنىڭ يېزىقىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلمايدۇ. بىز يېزىق ئۆزگەرتىش ئارقىلىقلا مىللىتىمىزنى دۇنياغا تونۇتالايمىز، كەلگۈسىگە، زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈرۈش قىلالايمىز دېسەك ئۇ بىرخىل كۈلكىلىك گەپ بولىدۇ.

ئىنسانىيەت ھەرگىز پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىگە ھەم كومپيۇتېرغا قاراپ ئۆزىنىڭ تەقى - تۇرقىنى ئۆزگەرتكىنى يوق. يېزىقمۇ شۇنداق، يېزىق ئاغزاكى پىكىرنىڭ تەسۋىرى تەقى - تۇرقى بولۇپ، ئۇ ھەرگىز پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى، كومپيۇتېرنى ئۆزىنىڭ ئۆزگىرىش - ئۆزگەرمەسلىكىنىڭ بەلگىسى قىلمايدۇ. نۆۋەتتە بىز پەن - تېخنىكا، مائارىپقا تايىنىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇۋاتىمىز. بۇنىڭدىن مائارىپقا، ئوقۇشقا، مەكتەپكە كەڭ ئۆسمۈر ياشلارنى ۋە ھەر ساھە كىشىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە جەلپ قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. بىرقانچە كىشى تەشەببۇس قىلىۋاتقان يېزىق ئۆزگەرتىش تەسەۋۋۇرى بەئەينى 60 - يىللاردىكى بىر يېزىقنىڭ ئورنىغا يەنە بىر يېزىقنى تىكلەپ، مەدەنىيەت - مائارىپتا «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ئەخمەقلىقى، مەدەنىيەت - مائارىپ، پەن - تېخنىكا جەھەتتە سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىپ ئىلگىرىلەش مەسخۇشلۇقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ ناچار يامان ئاقىۋەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى، زېھنىي - قۇۋۋىتىنى ۋە نۇرغۇن پۇرسەت، ۋاقىتنى ساۋات چىقىرىش تەرەپكىلا بۇرىۋېتىشى مۇمكىن.

بىر مىللەتنىڭ 1000 يىللار مابەينىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان، مۇكەممەللەشكەن، ئېھتىياجدىن چىقىۋاتقان يېزىقىنى ئۆزگەرتىۋېتىش خۇددى ئابغانىستان تالىپلىرىنىڭ 1500 يىللىق ئەنئەنىگە ئىگە بۇ دىننى چېقىپ تاشلىغىنىدەك، پۈتكۈل مىللەتنىڭ پسىخولوگىيىلىك روھىي ھالىتىگە نىسبەتەن قاتتىق روھىي زەربە بولىدۇ.

«يېڭى يېزىق» دېگىنىمىزمۇ مەتبۇئات ئۈچۈن باسما شەكلى، چوڭ - كىچىكى، قول يېزىق يازما خەت شەكلى، جۈملە بېشىدىكى چوڭ ھەرپ، خاس ئىسىملاردىكى چوڭ ھەرپ، قوشما ھەرپ قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ ھەربىر ھەرپىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى يەككە ۋەزىپىسىنى، ئۇلارنىڭ خەت ئارىسىدا تاسادىپىي بىر يەرگە كېلىپ قالغاندا قوللىنىلىدىغان بوغۇم ئايرىش بەلگىلىرى، تىنىش بەلگىلىرىنىڭ زىيادە كۆپ بولۇشى قاتارلىق نۇقسانلاردىن يەنىلا خالىي بولالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدە يېڭى يېزىقنى قوللىنىپ تاشلىۋەتكەنگە قەدەر بولغان جەرياندا نۇرغۇنلىغان ئاچچىق تەجرىبە - ساۋاقلىرىمىز بار. ئۇ چاغدىكى شەخسلەرنىڭ قولىيازمىدىكى يېزىقنى ئۆزىدىن باشقا كىشى ئوقۇيالمايدىغان مەتبەئە ۋە يېزىقتا كۆپ ئورۇننى ئىگىلەيدىغان، ئوچۇق بولمايدىغان پاسسىپ تەرەپلىرىمۇ خېلى كۆپ. ئەينى زاماندا يېزىق بىلەن ئىپادىلىنىدىغان، يېزىقنى مەركەز قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان مەدەنىي ھاياتتا نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەر سادىر بولغان ئىدى. ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقمايدۇكى، ئۇ چاغدا مەدەنىيەت، مائارىپتا ئىلگىرىلەش ئەمەس، چېكىنىش، پەيدا بولغان. تەرەققىياتتا ئىلغار مىللەتلەرگە يېتىشىۋېلىش، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى مىليونلىغان ساۋاتسىزلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. بۇ شۇ زاماندىكى سىياسىي جەھەتتىكى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، كوممۇنىزمغا سەكرەپ كىرىش دېگەندەك شوئارۋازلىقنىڭ مەدەنىيەتتىكى بىر خىل ئىپادىسى ۋە مەغلۇبىيەتلىك ئاقىۋىتى بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇ چاغدىكى مىليونلىغان خەلق رايى «يېڭى يېزىق» نى قوبۇل قىلماي كەڭ خەلق ئاممىسى كونا يېزىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ۋە ئۆز ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان، مەدەنىي مىراس بولغان كونا يېزىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۋالغان ئىدى. مانا ھازىر يەنە، 20 يىل داۋامىدا كىشىلەر قوبۇل

قىلمىغان ھەمدە خەلقنىڭ رايى يېنىپ كەتكەن يېزىقنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىش، خۇددى تۈكۈرۈپ تاشلانغان تۈكۈرۈكنى قايتا ئېغىزغا ئالغاندەك بىر ئىش بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى يېزىق تارىخى يېزىقنى كۆپ ئۆزگەرتىش، يېزىقلىرىمىزنى ۋاقتى - سائىتى كەلمەي تۇرۇپلا تاشلىۋېتىش ھېلى ئۇنى ئىلغار، ھېلى بۇنى ئەۋزەل بىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ نادان ۋە قالاقلىقىنى يېزىققا باغلاش تارىخىدىن ئىبارەت بولدى. ئۆزىمىز «قالاق» دەپ قارىغان بەزى قەدىمكى يېزىقلىرىمىز ئەينى ۋاقىتتىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار يېزىقىغا ئايلىنىپ كەتتى. مەسىلەن، موڭغۇللارنىڭ ھازىر قوللىنىۋاتقان يېزىقى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقىنى ئاساس قىلدى. بىر قىسىم يېزىقلىرىمىز تارىختىكى سىياسىي بورانلار تەرىپىدىن تاش - تۇپراقلارغا كۆمۈلۈپ كەتتى. تاش ئابىدە، تاراشا پۈتۈك يېزىقلارنى ھازىرقى ئەۋلادلىرىمىز ئوقۇيالماي، تارىخىمىز ئۈزۈلۈپ كەتتى، نۇرغۇن ۋەسىقە، ئاسارە - ئەتىقىلىرىمىزدىن خەۋەرسىز قالدۇق. پەقەت ئۇنىڭ بىر قىسمىلىرىنى باشقا مىللەت ھەتتا چەت ئەل ئالىملىرى بىزگە ئۆگىتىپ قويدى، بىز ئۈچۈن ئۇنىڭغا نام قويۇپ بەردى. ئەينى زاماندا شۇ يېزىقنى ئۆزگەرتكۈچىلەرمۇ ھەرگىز كەڭ خەلق ئاممىسى ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋە ئۇلارغا باشلامچىلىق قىلىدىغان ئاتالمىش ئىسلاھاتچىلار بولسا كېرەك.

ھازىرقى يېزىقنى ئىككىلەش - ئىككىلىيەلمەسلىك شۇ يېزىقنىڭ ئالامىتى، سۈپىتى، سەۋىيىسىگە باغلىق بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئۇنى قوللىنىدىغان مىللىتىمىز كىشىلىرىنىڭ ساپاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئازادلىقتىن بۇيان پارتىيىمىزنىڭ مىللىي تىل - يېزىق سىياسىتىنىڭ توغرا يېتەكچىلىكىدە يېزىقىمىزنىڭ ساغلام تەرەققىياتى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇرچە نەشر ئەپكارلىرى، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ كۆپىيىشى مىللىي تىل - يېزىقىمىزنى گۈللەندۈرۈش، ساپلاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇشتا غايەت زور رول ئوينىدى. تىل - يېزىق مەتبۇئات قوشۇنىنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مىللىي تىل - يېزىقتىكى يېرىك ژانىر ئەسەرلەرنىڭ سان - سۈپەت جەھەتتە تەرەققىي قىلىشى ئاساسىدا ھازىرقى تىل - يېزىق جەھەتتىن مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىيات بارلىققا كەلدى. 50 نەچچە يىللىق تەرەققىيات، بولۇپمۇ 1952 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى تەتقىق قىلىش، ئىسلاھ قىلىش كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېزىق جەھەتتىكى نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەر ئۈزلۈكسىز سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنىپ، ھەل قىلىنىپ بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر يېزىقىمىز 32 ھەرپتىن تەشكىل تاپقان، ھەرقانداق مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆز ئەينى بويىچە ئىپادىلىگىلى بولىدىغان مۇكەممەل يېزىققا ئايلاندى. ئۇ مىللىتىمىزنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئادىتى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئەنئەنىسىگە سىڭىپ كەتكەن ھەقىقىي ئۇيغۇر يېزىقى بولدى. بۇنداق ئېسىل تارىخقا ئىگە يېزىقىمىزنى قەدىرلەشكە، ئەتىۋارلاشقا ئۇنى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردىكى يېزىققا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ كومپيۇتېر تېخنىكىسى ۋە ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەنمىسە دۇنيادا كىشى بىر ساۋاتسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىغاندەك ئەھۋال شەكىللىنىۋاتقان پەيتتە، بىزنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىنى دۇنيادىكى ئالدىنقى قاتاردىكى يېزىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش مەجبۇرىيىتى باركى، ھەرگىز ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتىش ھەمدە «يېڭى يېزىق» ئارقىلىق، ئىنگلىزچە «كۆزنەك» سىستېمىسىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ قويۇپ، «كارامەت ئىش قىلدىم» دېيىشكە ھەققى يوق. نۆۋەتتە دۇنيادا قاتناش ئالاقىسىنىڭ راۋاجلىنىشى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى، ئۇچۇرنىڭ مىسلىسىز تەرەققىياتى، بىلىم ئىگىلىكىنىڭ يېڭى پەللىگە قاراپ راۋاجلىنىشى نەتىجىسىدە ھەرقايسى ئەل مىللەتلىرىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەت، دۇنيا قاراش، ئەخلاقىي قاراش، قىممەت قارىشى جەھەتتە بىر خىل ئورتاق ئەندىزىنى پەيدا قىلىشقا ئالدىراتماقتا، كومپيۇتېر، ئىنتېرنېت تورىنىڭ پۈتۈن دۇنيادا ئومۇملىشىشى يەر شارىدىكى مىللەتلەر ئارا پەرقنى بارغانسېرى ئازايتماقتا، يەر شارىنى بارغانسېرى يىغىنچاقلاشتۇرماقتا. بەزى ئۇششاق تىللار يوقىلىش خەۋپىگە بارغانسېرى دۇچ كەلمەكتە. تىلنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشى ئاخىرى مىللەتنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە دۇنيادا ھازىر ئىشلىتىۋاتقان 6000 مىڭ خىلدىن كۆپرەك تىلنىڭ 80 - % 90 تى يوقىلىشى مۇمكىن. بەلكى 600 گە يېقىن تىل - يېزىق ئەسلىدىكى خاس ئالاھىدىلىكنى يوقىتىشى مۇمكىن. گەرچە تىل - يېزىقنىڭ يوقىلىشى شۇ مىللەتنىڭ يوقىلىشىدىن دېرەك بەرمىسىمۇ، ئۇ ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىقىنى، رەڭگا رەڭ بولۇشىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ مىللىي ئالاھىدىلىكنى يوققا

چىقىرىدۇ . يېزىقنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ ، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ، پەلسەپە ، ئۆرپ ـ ئادەت ئالاھىدىلىكىمۇ يوقىلىشقا يۈزلىنىدۇ ، بۇ بىر خىل پەرەز بولسىمۇ ئۇنىڭ توغرا ـ خاتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر دۇنيادىكى مۇنداق تىل ـ يېزىقنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى بىزنى ئۆزىمىزنىڭ تىلى ، يېزىقى ، ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە قاتتىق ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ . كەلگۈسىدە بىزنىڭ تىل ـ يېزىقىمىز قايسى تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىدۇ ؟ بۇ ئالدىمىزدىكى ئىش ، خالاس . ھازىر سىياسىي ، نەزەرىيە ، پارتىيە ، ھۆكۈمەت ئالاقە ، خەلقئارا دىپلوماتىيە ، ھەربىي قاتارلىق ساھەلەردە تىل ـ يېزىقىمىزنىڭ ئەسلى رولى بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ مېڭىۋاتىدۇ . ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزدىن قالسىلا تۇرمۇش تىلىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ . شۇڭا ئۆز يېزىقىمىزنى ، تىلىمىزنى قوغداش نۇقتىسىدا يېزىق ئۆزگەرتىشكە تايىنىپلا ھەل قىلغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس ، يېزىق ئۆزگەرتىش ناھايىتى مۇرەككەپ ، ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەت . ئۇ ھەر خىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئورتاق تونۇشقا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . بىز زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ يېزىقىمىزنىڭ مۇھىتى ۋە تەسىرىنى كېڭەيتىپ مىللىي تىل ـ يېزىقىمىزنى مەملىكىتىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىغا ئوخشاش گۈللىنىش ۋە پۇت تىرەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم .

مەملىكىتىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەتتىن خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىدىغان خۇيزۇ بىلەن مانجۇدىن باشقا 53 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ تىلى ، 21 مىللەتنىڭ يېزىقى بار . يېزىقى بار 21 مىللەت 27 خىل يېزىقنى قوللىنىدۇ . بۇ يېزىق ئېلىمىزدە ئەدلىيە ، مەمۇرىي ئىشلار ، مائارىپ قاتارلىق ساھەلەردە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا كەڭ دائىرىدە قوللىنىپ كەلمەكتە . مەسىلەن ، دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنى ئالساق ، خەلق قۇرۇلتىيى ، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ۋە رايون خاراكتېرلىك چوڭ ـ چوڭ پائالىيەتلەردە ئۇيغۇر يېزىقىدا ھۆججەتلەر تارقىتىلىدۇ ياكى تەرجىمە قىلىنىدۇ . ئۇ ئاپتونومىيە (ئۆز ئەركىيە ) ئورگانلىرى ئورتاق قوللىنىدىغان مائارىپ پىلانى ۋە ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا قوللىنىدىغان يېزىق بولۇپ كەلدى . ئاخبارات ـ نەشرىيات ، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ساھەلىرىدە ئۇيغۇر يېزىقىدا 30 خىلغا يېقىن گېزىت ـ ژۇرنال چىقىرىلىدۇ . ھەتتا مەركىزىي خەلق رادىئو ـ ئىستانسىسى ۋە يەرلىك ئىستانسىلارمۇ مىللىي تىلدا ئاڭلىتىش بېرىدۇ . ھەرقايسى نەشرىياتلارنىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇندىكى ئۇيغۇرچە تىلدا چىقارغان كىتابلىرى 500 مىڭ خىلدىن ئاشىدۇ .

يېزىق ئۆزگەرتىش پۈتكۈل ئاممىنىڭ رايى مايىللىقى ، خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خەلقتىن قايتا ـ قايتا پىكىر ئېلىشى ، قاراپ چىقىشى ، دەلىللىشى ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاۋاز ئارقىلىق ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزۈلۈشى ، بولۇپمۇ خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىللىشى ، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قول سېلىپ ئىشلىشى ئارقىلىق ئاندىن بېكىتىلىدىغان ئىش . ئۇ ھەرگىز بىرنەچچە مۇتەخەسسىسنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ مۇزاكىرىلىشىشى ياكى بىر يېڭى پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىگە ماسلىشىش تەلىپى ئارقىلىقلا ئۆزگەرتىۋەتسە بولۇۋېرىدىغان ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس . باش شۇجى جياڭ زېمىن «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا مۇھىم نۇقتىنى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىشقا قويدى . شۇڭا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىقى ، رازى بولۇش بولماسلىقى يېزىق ئۆزگەرتىشنىڭ ئومۇمىي فاكجىنى بولۇشى لازىم . كەڭ خەلق ئاممىسى ھىمايە قىلمايۋاتقان ، رازى بولمايۋاتقان يېزىق ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتى ئاخىرقى ھېسابتا ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ . شۇڭا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېزىق مەسىلىسىدىكى سادالىسىنى نەزەردە تۇتۇپ ، يېقىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تارىخىي ، ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ، پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىكى بىرقاتار ئەمەلىي پاكىتلارنى نەزەرگە ئېلىپ ، نۆۋەتتىكى يېزىق ئۆزگەرتىش مەسىلىسىدە سالماق ، ئېھتىياتچان پوزىتسىيىدە بولۇشنى تەلەپ قىلىمىز .

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم لىكتورلار ئۆمىكىدىن ، ئابدۇكېرىم رېشىت ،
ئابلىز مۇسا

# نەسر ۋە ھېسسىيات

ئەركىن مۇساجان

بارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە ھەربىر ئىجادىيەت سۇبيېكتىنىڭ خاسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ خىل خاسلىق ئىجادىيەت سۇبيېكتىنىڭ خاسلىققا ئىگە ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خاسلىقى بولمىغان، بىر خىللاشتۇرۇلغان، فورمىلالاشتۇرۇلغان ئەسەرلەر بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرگىلى بولمايدۇ. ئىسلاھات دەۋرىمىزدىكى نەسر يېزىقچىلىقىنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى، ئاپتورلارنىڭ نەسرلىرىدە ئىپادىلىگەن خاسلىق ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋرلەردىكى خاسلىقتىنمۇ كۈچلۈكرەك بولدى. خاسلىققا ئىگە ھېسسىيات بولمىسا كىتابخانلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان نەرسىلەرنى ئىجاد قىلغىلى بولمايدۇ. نەسر ئىجادىيىتىدە ھېسسىيات ئاشكارا ئۇرغۇپ چىقىش شەكلىدە ئىپادىلەنسۇن ياكى يوشۇرۇن مەنىلىك شەكلىدە ئىپادىلەنسۇن ئۇ ھامان ئاپتورنىڭ قەلبى ۋە خاراكتېرىنى كۆرسىتىشىپ بېرىشى كېرەك.

شەخسنىڭ ئىدىيىسى، خاراكتېرى، سەرگۈزەشتىسى، شەرت ـ شارائىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، نەسردە ئىپادىلەنگەن ھېسسىياتمۇ تامامەن ئوخشاش بولمايدۇ. ئاپتور نەسر ئىجادىيىتىدە ئاڭلىق تۈردە خاسلىققا ئىگە بولغان ئۆز ھېسسىياتىنى ئاساس قىلغاندىلا كىتابخانلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىيالايدۇ. ئاپتور ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىشلار ئاساسىدىكى ھەقىقىي ھېسسىياتىنى ئىزهار قىلىشى زۆرۈر. لېكىن، رېئاللىقتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈشى ناتايىن، ۋاستىلىق تەسىراتلارغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن. مەيلى قايسى خىل ئەھۋال بولسۇن، ئاپتور ئۆزى ھېس قىلالىغان نەرسىلەرلا نەسر ئىجادىيىتى دائىرىسىگە كىرەلەيدۇ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ھېس ـ تۇيغۇسى بولمىغاندا، ئىچكى ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرمىغاندا، يازغانلىرى ساختا، كۈچسىز چىقىپ قالىدۇ.

ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىلا ھېسسىياتنىڭ چىنلىقىغا يەنە كاپالەتلىك قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ھېسسىياتنىڭ چىنلىقى ئاپتورنىڭ پەزىلىتىدىن كېلىدۇ. نەسرنىڭ ئاپتورى ئالدى بىلەن بىر سەمىمىي ئادەم بولۇشى، كىتابخانلارغا سەمىمىيلىك بىلەن گەپ قىلىشى كېرەك. ئاپتور ئۆز پەزىلىتى بىلەن كۆكسى ـ قارنىنى كىتابخانلارغا تاپشۇرغاندىلا ئاندىن كىشىلەرنى ھەقىقەتەن تەسىرلەندۈرەلەيدىغان، تەبىئىي، سەمىمىي نەسرلەرنىڭ يېزىپ چىقالايدۇ.

ھېسسىياتنى ئىزهار قىلىش ـ بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراش ۋە ئىرادىنى ئىپادىلەش بولۇپ قالماسلىقى زۆرۈر. نەسر بىر خىل روھنىڭ يارىتىلىشى. بۇ خىل روھنىڭ يارىتىلىشى ئۇنىڭ شەخسىيەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن. نەسر ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىزهار قىلىشتا ئورتاق كۆز قاراش ۋە ئىرادىنى ئاددىيلا ئىپادىلەپ قويۇشتىن ساقلىنىشى كېرەك. ئىجتىمائىي، سىياسىي تۇرمۇشتا مەلۇم بىر خىل توغرا كۆز قاراش بىردەك ئېتىراپ قىلىنغاندا ئۇ بىر خىل قۇدرەتلىك كۈچنى ھاسىل قىلىدۇ. مۇقىم ئىجتىمائىي تەرتىپ ئورنىتىشتا ئۇنىڭ زۆرۈرلۈكى شۈبھىسىز. ئەمما بۇ خىل ئورتاق كۆز قاراش ۋە ئىرادە ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى ئېستېتىك ئىجادىيەتتە قوللىنىلسا رەڭگا ـ رەڭ ۋە خىلمۇ ـ خىللىققا ئىگە بولغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنى توسۇپ قويىدۇ. نەسر ئىجادىيىتى يازغۇچى سۇبيېكتىپ روھنىڭ ئەركىنلىككە چىقىشى بولغانلىقتىن، ئەگەر ئاممىۋىلىققا ئىگە ئورتاق كۆز قاراش تەكىتلەنسە، خاسلىققا ئىگە شەخسىي ھېسسىيات سۇسلىشىپ كېتىدۇ. نەسردە ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ـ يازغۇچى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنىۋىيىتىنى باتۇرلۇق ۋە ماھىرلىق بىلەن ئاشكارىلاپ ئۆزىنىڭ قەلب ساداسىنى ياڭرىتىشتۇر. نەسر ئىجادىيىتىدىكى شەخسىي مەنىۋىيەتكە قاچان زېمىن ھازىرلانغان بولسا شۇ چاغدا نەسر ئىجادىيىتى يۈكسەلگەن. نوقۇل سىياسىي تەشۋىقات ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، سەنئەت ئېستېتىكىسىغا سەل قارالغان، شەخسىي مەنىۋىيەتكە زېمىن ھازىرلانمىغان مەزگىللەردە بولسا، نەسر ئىجادىيىتى ئۇقۇملاشتۇرۇش، فورمۇلاشتۇرۇش، قۇرۇق، چوڭ گەپ قىلىش پاتقىقىغا پېتىپ، گۈزەللىككە ئىنتىلگۈچى قەلب يۇرۇشۇنغان. بۇ خىل ساۋاقنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ.

نەسر ئىجادىيىتىدە ئاپتور ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلىشى مۇھىم، ئەلۋەتتە. ئەمما بۇ ھېسسىيات گۈزەل، ئالىيجاناپ بولۇشى، خۇنۇك

ۋە پەسكەش بولماسلىقى، چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ بىرلىكى بولۇشى كېرەك.

ھېسسىياتتىكى چىنلىق ھېسسىياتنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ھادىسى سۈپىتىدە ھېسسىيات ھەر سائەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن. لېكىن، ھەرقانداق بىر خىل فىزىئولوگىيىدىكى ھېسسىياتنىڭ ھەر قانداقلىقىنى يېزىپ نەسىرگە كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ. ئېستېتىك قىممىتى بار ھېسسىيات چىن بولالايدۇ ھەم ئاپتورنىڭ ئىپادىلەش ئوبيېكتى بولالايدۇ. ھېسسىياتنىڭ چىنلىقى يەنە ياخشىلىقنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك، ھېسسىيات ھەم چىن، ھەم ياخشى بولغاندا ئاندىن گۈزەل بولىدۇ. ياخشىلىق، قىممەت نەزەرىيىسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەخلاق كاتېگورىيىسىگە تەئەللۇق بولۇپ، ئۇ نەسىر ئىجادىيىتىدە ئەخلاق ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى باھانى كۆرسىتىدۇ. نەسىر لىرىكىلىق ژانىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئاپتور ئۇنىڭدا ھامان ئۆزىنىڭ ئەخلاق ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى باھاسىنى ئىپادىلەيدۇ. نەسىر ئاپتورىنىڭ ئەخلاق ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى باھاسى - رېئال تۇرمۇشتىكى رەڭگا - رەڭ شەيئىلەردىن ئىپادىلىنىپ تۇرغان ئەخلاقىي قاراشلار، شەيئىلەرنىڭ ھەق - ناھەقلىكىگە، گۈزەل - سەتلىكىگە، ياخشى - يامانلىقىغا چىقارغان ھۆكۈمىدۇر. بۇنداق ھۆكۈم نەسىرنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشىنى قائىدىگە سېلىپلا قالماستىن يەنە نەسىرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. نەسىر ئاپتورىنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارىشىدا ۋەتەن، خەلقنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان ئەخلاقىي ھېسسىيات تۇرغۇزۇلغان بولسا، ئۇ رېئاللىقتىكى بارلىق ئىشلارغا تەبىئىي ھالدا مۇشۇ خىل ئەخلاقىي ھېسسىيات بىلەن ئېستېتىك ھۆكۈم چىقىرىدۇ. شەخسنىڭ ئەخلاقىي ھېسسىياتى پۈتكۈل جەمئىيەت ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلسە ھەمدە جەمئىيەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، غايىسىنى ئىپادىلىسە، شۇ شەخس يازغان نەسىرنىڭ بەدىئىي ھاياتىي كۈچى ئۇزاققىچە ساقلىنىپ قالىدۇ.

نەسىر ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى بىر ژانىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ ئېستېتىك قىممىتى ۋە بەدىئىي قىممىتى ھەرگىزمۇ ئىختىيارىچە بولىدىغان قىممەت ئەمەس، ئۇ ھامان بەلگىلىك ئىجتىمائىي، تارىخىي شارائىت ئاستىدا كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى، ئارزۇسى ۋە مەقسەتلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. يازغۇچىنىڭ ھېسسىياتى ۋە ھۆكۈمى ھامان بەلگىلىك جەمئىيەت ۋە سىنىپنىڭ مەنپەئەتى ھەم ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇنلىشىدۇ، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ خىل ھېسسىيات، مۇقەررەركى، ئەخلاق، ئەقىل ۋە ئېستېتىكنىڭ بىرلىكى بولىدۇ ياكى ئەخلاقىي ھېسسىيات، ئەقلىي ھېسسىيات ۋە ئېستېتىك ھېسسىيات يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ.

نەسىر - ھېسسىياتنىڭ مەھسۇلى، ئۇ ھەرقانداق شارائىتتىمۇ ھېسسىياتتىن ئايرىلالمايدۇ، ئەگەر ئاپتورنىڭ قەلىمى جۇشقۇن ۋە مول ھېسسىياتقا ئىگە بولمىسا، تۇرمۇشقا بولغان چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببەت نەسىرگە سىڭدۈرۈلمىسە، ئۇنىڭ بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچى بولماي قالىدۇ. بۇ خىلدىكى نەسىردە ناھايىتى كۆپ ھەشەمەتلىك، گۈزەل سۆز - ئىبارىلەر ئىشلىتىلگەن، بېزەلگەن، بارلىق كۈچ بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىنغان تەقدىردىمۇ ئۇ كىتابخانلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرالمايدۇ. كىتابخانلارنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلىپ، ئۇزاققىچە ھاياجىنىنى باسالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرەلمەيدۇ. نەسىردە ھېسسىياتنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى تولۇق ئېچىپ بەرگەندە ئاندىن ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىلىقى ئەمەلگە ئاشىدۇ. نەسىردە ئىچكى دۇنيانى ۋە ھېسسىيات جەريانىنى ئېچىشتا ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا بولىدۇ.

ھەقىقىي ۋە جۇشقۇن ھېسسىيات نەسىرنىڭ ئاساسى، تەبىئىي ۋە چىن ھېسسىيات ئاساسىدا يېزىلمىغان نەسىر كىتابخاننى تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ. ساختا ھېسسىيات سۈنئىي ھېسسىيات بولۇپ مەجبۇرى چىققان يالغان كۆز يېشىغا ئوخشايدۇ. چىن ھېسسىيات ئوبيېكتىپنىڭ سۇبيېكتىپتا تەسىر قوزغىشىنىڭ مەھسۇلى، سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنىڭ بىرلىكى. ساختا ھېسسىيات ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن ئايرىلىشتىن ۋە ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن كۆز يۇمۇشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

نەسىر ئاپتورلىرى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى، جەمئىيەتنى، تۇرمۇشنى كۆزىتىشكە ماھىر بولۇپ، ياسالغان ھېسسىياتنى يېزىشتىن ساقلىنىشى زۆرۈر.

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى يېزىقچىلىق كافېدراسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (لېكتور)

# 新疆社科论坛（维吾尔文 版）

## 新疆维吾尔自治区社会科学界联合会主办

2001 年第 4 期　　（总第 52 期）


## 主要目录


新世纪，科学与生活 ........ 本刊评论员 1

**政治理论**

坚持《两个服务，勇于理论创新，努力开创自治区社科联工作新局面 ........ 吴敦夫 3

**学者，学说**

纳瓦依伦理道德思想探讨 ........ J. 艾库罗 9

**经典著作，经典音乐**

玉素甫哈斯．阿吉甫移居喀什噶尔的原因 ........ T. 艾尔西丁 22

纳瓦依生评及其创作的论辨 ........ H. 乌斯曼 26

维吾尔医与玉素甫阿吉．喀什噶尔 ........ M. 乌斯曼阿吉 33

**稳定和法制**

艾滋病之案引起的振惊 ........ 新吉 41

**教育，文化**

莎车汗国时期的教育及特征 ........ A. 穆罕木德沙里合 46

文化及其我们口语中的养鸽专用词 ........ B. 玉素甫，Y. 艾格木 52

**语言文字，新闻出版**

对于现代维吾尔文字要持慎重，平稳的态度 ........ 阿．穆沙，阿．热西提 55

**小百科**

散文与情感 ........ 阿．穆沙江 63



副主编：胡里甫（编审）

责任编辑：胡里甫　　封面设计：[illegible]

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ بىرى. بۇ پەلسەپە، مائارىپ، تارىخ، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، كلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت، پەن ـ تېخنىكا، دىن، ئەخلاق، پسىخولوگىيە، ئىجادىيەتشۇناسلىق، ساپا مائارىپى، ئوتتۇقشۇناسلىق، تالانت پەنلىرى بويىچە بارلىققا كېلىۋاتقان، كۆندىلىك تۇرمۇش ھەم خىزمەتلىرىمىزگە ماياك بولىدىغان يېڭى كەشپىيات ھەم ئىختىرالارنى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئىچچام تونۇشتۇرۇپ، ئىلىم ـ پەننى گۈللەندۈرۈش، خەلقىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىدىغان بىلىم مۇنبىرى. بۇ ژۇرنالنىڭ تەھرىر ھەيئەتلىرى ئالىملاردىن تەركىب تاپقان. ئۇلار ئادەمنىڭ ساپا ـ سۈپەت كامالىتىنى نىشان قىلغان ھالدا سىزنى دانايى ـ دانىشمەنلەر، پىرى ـ ئۇستازلار، ھەققانىي ئىلىم چولپانلىرى، سەنئەتكارلار، ئۇلۇغ ھەكىم ھەم پسىخولوگلار بىلەن ئۇلپەتلەشتۈرۈپ، قەدىڭىزنى رۇسلاپ زامانىۋى قەدەم بېسىشىڭىزغا ئەسقاتىدىغان ھەقىقەتلەرنى ئىگىلەپ ئېلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. سىزنىڭ بۇ ژۇرنالنى قېتىرقىنىپ ئوقۇپ بېقىپ ئاندىن دەنا پىكىرلىرىڭىزنى ۋە نادىر ئەسەرلىرىڭىزنى ئىبەرتىپ بېرىشىڭىزنى سورايمىز!

ئادرېسى : ئۈرۈمچى ئالتۇن يولى ئاخباراتچىلار سارىيى 9 ـ قەۋەت «مۇنبەر» تەھرىراتى
دۆلەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى CN65 - 1147 پوچتا نومۇرى 830002
مۇشتىرى قوبۇل قىلىش نومۇرى :136 - 58 تېلېفون: 2882273 يەككە باھاسى :4.00 يۈەن